بالىلارغا سوۋغا-2

2



ئادىل ئىمىن

# ئاق قۇ مەلىكە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



باللارغا سوۋغا — 2

2

ئادىل ئىمىن

# ئاق قۇ مەلىكە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

天鹅公主：维吾尔文/阿地力·依明著. 一喀什：喀什维吾尔文出版社：乌鲁木齐：新疆电子音像出版社, 2010.4

(给孩子们的礼物. 中)

ISBN 978-7-5373-2011-5

Ⅰ.①天… Ⅱ.①阿…Ⅲ.①童话一作品集一中国一当代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I287.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第069885号

丛书名 给孩子们的礼物-中(2)
书名 天鹅公主
策划 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
作者 阿地力·依明
责任编辑 买哈巴·铁外库
特约编辑 艾合买提·买买提
责任校对 古丽巴哈尔·托合塔木
特约校对 克尤木·吐尔逊
封面设计 努尔买买提·吾买尔
出版 喀什维吾尔文出版社
新疆电子音像出版社
地址 乌鲁木齐市西虹西路36号
邮编 830000
发行 新疆新华书店
印刷 新疆翼百丰印务有限公司
开本 880×1230mm 1/32
印张 3
版次 2010年4月第1版
印次 2010年9月第1次印刷
印数 1—5000
书号 ISBN 978-7-5373-2011-5
总定价 84.00元
本册定价 8.00元

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

# مۇندەرىجە


بىلىقچى بىلەن ئالتۇن بىلىق شاھزادە ھېكايىسى ............ 1

ئاق قۇ مەلىكە ................................ 13

غۇنچە قىز ھەققىدە چۆچەك ........................ 34

شەيتان بىلەن يولۇچى ........................... 58

ئات بىلەن يولۇچى ............................. 65

ئىت بىلەن بۆرە ................................ 67

ئىشەنچلىك كاپالەت ............................ 71

قاغا بىلەن قارا قۇشقاچ ........................ 73

ئېسىل تاش ھەققىدە مەسەللەر ................... 75

ئاچ كۆزنىڭ ئاقىۋىتى ........................... 83

# بېلىقچى بىلەن ئالتۇن بېلىق شاھزادە ھېكايىسى

(چۆچەك)

يىراق بىر زامانلاردا، زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى بىر خىلۋەتتە بىر بېلىقچى يىگىت بولغان ئىكەن. ئۇ بەك نامرات بولۇپ، نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن ئىشتان - كۆڭلىكى ۋە كونا كەشىدىن باشقا كىيىمىمۇ؛ بېلىق تورى بىلەن ئەسكى قېيىقىدىن باشقا مۈلكىمۇ يوق ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ تورىغا قاسىراقلىرى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ۋالىلداپ، جۇلالىنىپ تۇرىدىغان بىر تال چوڭ ئالتۇن بېلىق چۈشۈپتۇ.

بۇنىڭدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن بېلىقچى يىگىت:

— پاھ، پاھ، مانا ئامەت، بۇنى ساتسام ئاز دېگەندىمۇ 10 تەڭگىگە ئالىدۇ، تۆت تەڭگىگە بىر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىۋالسام قالغان ئالتە تەڭگىگە بىر ھەپتە تويغىچە تاماق يېۋالىمەن، — دېگىنىچە تورنى قىرغاققا سۆرەپ چىقىپتۇ. بىراق قىرغاققا چىقىشى بىلەنلا ئالتۇن بېلىق ئېغىزلىرىنى ماكىلدىتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي بېلىقچى، مېنى قويۇۋەت، نېمە تەلەپ قىلساڭ شۇنى هازىر قىلاي، 10 تەڭگىلىك پايدىنى دەپ مېنى نابۇت قىلما.

بۇ تاسادىپىيلىقتىن چۆچۈپ ـ ئەندىكىپ كەتكەن بېلىقچى يىگىت دەپتۇ:

— تووا، ماڭا گەپ قىلىۋاتقان سەنمۇ ياكى كۆزگە كۆرۈنمەس بىرى دەۋاتامدۇ؟

— ساڭا گەپ قىلىۋاتقان مەن ئالتۇن بېلىق، بېلىقلار شاهزادىسى، — دەپتۇ، ئالتۇن بېلىق يەنە.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ، ئاق كۆڭۈل بېلىقچى يىگىت، — سېنى قويۇۋېتەي، 10 تەڭگىلىك پايدىنى دەپ سۆزلىيەلەيدىغان بىر بېلىقنى نابۇت قىلىش بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغۇسى، بار، ماكانىڭنى تېپىۋال.

ئاندىن ئۇ ئالتۇن بېلىقنى توردىن چىقىرىپ، دەرياغا تاشلاپتۇ، ئالتۇن بېلىق دەرياغا چۈشكەن هامان بىردىنلا زەرباپ كېيىملىك، كېلىشكەن بىر يىگىتكە ئايلىنىپ قىرغاقتا چىقىپتۇ ـ دە:

— ئاق كۆڭۈل ۋە رەهىمدىل ئىكەنسەن، — دەپتۇ هەيرانلىقتىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان بېلىقچى يىگىتكە، — مۇهتاجلىقتا تۇرۇۋاتقىنىڭغا قارىماي 10 تەڭگىلىك پايدىدىن كەچتىڭ، پايدىنى دەپ جېنىمغا زامىن بولمىدىڭ. شۇڭا سېنى ئۆمۈرلۈك دوست تۇتىمەن ۋە هەرزامان ياخشىلىق قىلىمەن، تاكى سېنى باياشات ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرمىگىچە تىنىم

تاپماسمەن.

ـــ ھىممىتىڭگە ھەشقاللا، ـــ دەپتۇ بىلىقچى يىگىت خۇشال بولۇپ، ـــ ئاتا ـ ئانامدىن يېتىم ـ يېگانە قالغاندىن بېرى بۇ يەردە تەنھا ياشاپ كەلگەن ئىدىم. بىرەر دوست ـ بۇرادىرىممۇ بولغان ئەمەس ئىدى، بىرەرسىمۇ مەن بىلەن دوست بولۇشنى خالىغان ئەمەس ئىدى، سىنىڭ دوستلۇقۇڭ ماڭا چەكسىز خۇشاللىق بېغىشلىغۇسى.

ئۇنىڭ سۆزىدىن خۇرسەن بولغان ئالتۇن بېلىق شاھزادە:

ـــ ھەر ئۈچ يىلدا ئىنسانغا ئايلىنىپ يەر يۈزىگە چىقىمەن، ـــ دەپتۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ ئاندىن يەر يۈزىنى ساياھەت قىلىمەن. بۇ قېتىممۇ ئىلگىرى كۆرمىگەن جايلارنى زىيارەت قىلىپ كەلمەكچى، خالىساڭ مەن بىلەن ماڭ، خالىمىساڭ تىرىكچىلىكىڭنى قىلىپ تۇر.

ـــ ئاتا ـ ئانامۇ بېلىقچى ئىدى، ـــ دەپتۇ بېلىقچى يىگىت، ـــ مەنمۇ مۇشۇ كەسىپكە ۋارىسلىق قىلىپ قاپتىمەن. بۇ كەسىپتىن باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمەس، سەپەر خىراجىتى قىلغۇدەك پۇلغىمۇ چىقىنالماسمەن، ھەم سەپەرنىمۇ خالىماسمەن، سەن قايتىپ كەلگىچە بۇ يەردە كۈتۈپ تۇراي.

ـــ ئۇنداق بولسا ساڭا گۆھەر تاشلاردىن بېرەي، ـــ دەپتۇ ئالتۇن بېلىق شاھزادە، ـــ تىرىكچىلىكىڭگە دەسمايە بولسۇن، مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلۇپ، باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكىن.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ دەريا ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ



بىر ۋاقىتلاردا بىر پەتنۇس گۆھەر - ياقۇت كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ، گۆھەر تاشلار ئاجايىپ ئىسسىل ۋە جۇلالىق ئىكەن.

— بۇلارنى سېتىپ تۇرمۇشۇڭغا خىراجەت قىلىپ تۇر، — دەپتۇ پەتنۇسنى بېلىقچى يىگىتكە بېرىۋېتىپ، ئاندىن ئۇ خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. شۇ يۈرگىنىچە كۆپ جايلارنى ساياھەت قىلىپ، ئۈچ يىل بولاي دېگەندە قايتىپ كەپتۇ. قارىسا ئەسكى قېيىق دەريا يۈزىدە چايقىلىپ تۇرغان، بېلىقچى يىگىت يەنىلا دەرياغا تور تاشلاشقا تەييارلىنىپ تۇرغان.

ئالتۇن بېلىق شاھزادە ئۇنى چاقىرىپتۇ، بېلىقچى يىگىت دەرھال قىرغاققا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. تىنچ - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ئالتۇن بېلىق شاھزادە ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— ئەي دوستۇم، ساڭا قىممەت باھالىق گۆھەر تاشلارنى بېرىپ كەتكەن ئىدىم، گۆھەر تاشلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قىممىتى بۇ مەملىكەتنىڭ بىر يىللىق خىراجىتى باراۋىرىدە ئىدى، شۇنچە بايلىقنىڭ ئىگىسى تۇرۇپ، يەنە ئۈچ يىل بۇرۇنقى بىچارە ھالىتىڭدە تۇرغىنىڭ قانداق ئىش.

بېلىقچى يىگىت ھەسرەت - نادامەت بىلەن دەپتۇ:

— گۆھەر تاشلارنى بىر - بىرلەپ باھاسىغا يەتكۈزۈپ ساتتىم، بۇ مەملىكەت سودىگەرلىرى باھاسىغا يېتەلمىسە باشقا مەملىكەت سودىگەرلىرىگە ساتتىم، بايلىقىم ھەددى - ھېسابسىز بولدى، شاھلارنىڭ خەزىنىلىرىدىمۇ ئۇنچە كۆپ بايلىق يوقتۇر

بەلكىم، ئاندىن باياشات تۇرمۇش پەيزىنى سۇرۇپ، پۇلنى كۆڭلۈم خالىغانچە خەجلىدىم، شۇنداقتىمۇ بىر يىلغىچە يۇزدىن بىرى تۈگىمىدى، ئاردىن يەنە بىر يىل ئۆتتى، بىر كېچە غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بوپتىمەن.

قىرىق قاراقچى تۈن يېرىمىدا ئوردا ـ سارايدەك ئېسىل ئۆي ـ جايىمغا بېسىپ كىرىپ، بار ـ يوقنى تالان ـ تاراج قىلدى. خىزمەتچىلىرىمدىن ئۇچرىغاننى ئۆلتۈردى. مەن ئىچ كىيىم بىلەنلا جاننى ياقىغا ئېلىپ قاچتىم، بىر چاغلاردا قورۇ ـ جايىمدىن ئاسمان ـ پەلەككە تاقاشقۇدەك ئوت يالقۇنلىرى كۆتۈرۈلدى، قاراقچىلاردىن ئاشقان نەرسىلەر ۋە قورۇ ـ جاي كۆيۈپ كۈل بولدى، دەريا بويىدا تاشلىنىپ ياتقان، ھېچكىمگە ياراتمىغان ئەسكى قېيىق بىلەن يىرتىق توردىن باشقا مۈلكۈم قالمىدى، ئامالسىز كونا كەسپىمنى قىلىپ، تىرىكچىلىكنى داۋام قىلدىم.

ئالتۇن بېلىق شاھزادە:

ـــ ئەي بەختسىز دوستۇم، ـــ دەپتۇ ئۇنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ـــ بۇ ئۈچ يىلدا كۆپ مەملىكەتلەرنى كېزىپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى زىيارەت قىلىپ كەلدىم، ئەمدى ئۆز ماكانىمغا كىرىپ كېتىمەن، لېكىن سېنى بۇ ھالدا تاشلاپ كېتىشكە كۆزۈم قىيماس، مۇشۇ ئەلنىڭ پادىشاھى قازا قىپتۇ. ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بولمىغاچ پادىشاھلىق ۋەزىرلىرى ئارىسىدا تالاشتا قاپتۇ. ئاخىرى پادىشاھلىقنى پادىشاھ



خەزىنىسىدىكى بايلىقنىڭ ئۈچ باراۋىرىدىكى بايلىققا ئېگىشىمەك بولۇپ، مۇرەسسەگە كەپتۇ. ساڭا شۇ پادىشاھلىقنى سېتىۋېلىپ ئېلىپ بېرەي. مەن دەريادىن يەنە بىر قېتىم چىققۇچە شاھلىق سەلتەنەت پەيزىنى سۈرۈپ، راھەت - پاراغەتتە ياشاپ تۇرغىن.

شۇ سۆزدىن كېيىن دەرياغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ، بىر چاغلاردا چوڭ بىر كوزىدا گۆھەر تاشلارنى ئېلىپ چىقىپتۇ، ئاندىن بېلىقچى يىگىتنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپتۇ، ئوردىغا بېرىپتۇ، ئوردا ئەھلى كوزىدىكى گۆھەر تاشلارغا قارىغىنىدا كۆزلىرى قامىشىپتۇ. باھاسىغا كۆز يەتكۈزەلمەي، ئېغىزلىرىنى تاماشىتىپتۇ. ئاخىرى خۇشاللىق بىلەن پادىشاھلىقنى بۇ بىر كوزا گۆھەر تاشقا ئېگىشىپ شاھلىق تاجىنى بېلىقچى يىگىتنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپتۇ، ئۇنىڭغا سادىق بولۇشقا قەسەم ئىچىپ، ئەلگە يېڭى پادىشاھ تىكلىگىنىنى جاكار قىپتۇ. مەملىكەت ئەھلىمۇ رازى بوپتۇ.

ئالتۇن بېلىق شاھزادە بۇ ئىش پۈتكەندىن كېيىن خوشلىشىپ، دەريا بويىغا كېتىپتۇ، يەنە ئۈچ يىلغىچە ئۆز ماكانىدا بوپتۇ، ئاندىن يەنە قىرغاققا چىقىپتۇ، قارىسا نېرىدا يەنە شۇ ئەسكى قېيىق دەريا ئۈستىدە چايقىلىپ تۇرغان، بېلىقچى يىگىت تور تاشلاپ بېلىق تۇتۇش ئاۋارىچىلىقىدا تۇرغان.

ئالتۇن بېلىق شاھزادە ئەجەبلىنىپ، ئۇنى چاقىرىپتۇ، بېلىقچى يىگىت قىرغاققا چىققاندىن كېيىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ئەھۋال سوراپتۇ:

— سېنى ئۈچ يىل ئىلگىرى شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ كەتكەن ئىدىم، يەنە بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىڭ قانداق ئىش.

بېلىقچى يىگىت غەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەي غەمگۇزار دوستۇم، سەن بىلەن خوشلاشقاندىن بېرى بىر يىلغىچە پادىشاھلىق پەيزىنى سۈردۈم، لېكىن كېيىنكى يىلى قوشنا ئەلدىن ھېسابسىز لەشكەر ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىدا تۇرسام قول ئاستىمدىكى بىرقانچە مۇناپىق ۋەزىرلەر دۈشمەندىن قورقۇپ ساتقىنلىق قىلىپ، شەھەر دەرۋازىلىرىدىن بىرىنى ئېچىپ بېرىپتۇ، ئوردىدا قالغانلار جان قايغۇسىدا ھەر تەرەپكە قاچتى. مەنمۇ ئامالسىز شاھلىق تونلىرىمنى سېلىپ تاشلاپ، شاھلىق تاجىنى ئېلىۋېتىپ، پۇقراچە كىيىنىپ شەھەردىن چىقىپ كەتتىم. پادىشاھلىقمۇ پۇل ـ بايلىققا ئوخشاش قولۇمدىن چىقىپ كەتتى. ماڭا ئۆمۈرلۈك بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلالمىدى. ئاقىۋەت يەنە بۇ يەرگە كېلىپ، تەلىيىمگە ساقلىنىپ قالغان ئەسكى قېيىق بىلەن بىرتىق تورغا تايىنىپ تىرىكچىلىكىمنى داۋام قىلدىم.

ئالتۇن بېلىق شاھزادە ئۇنىڭغا كۆپ تەسەللى ئېيتىپتۇ. ئاندىن ئويلىنىپ كۆرۈپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەمدى ئۆزۈڭ خالىغان بىر ھۈنەر ـ كەسىپنى ئىختىيار قىلغىن، سېنى شۇنىڭغا كامىل قىلاي، ھۈنەر ـ كەسىپنى كىشى

تارتىۋالالماس، ياكى ئوغرىلىيالماس، مېھنەت قىلساڭ مېۋىسى مول بولۇر، خاتىرجەم، باياشات ياشايسەن.

— بېلىقچىلىقتىن باشقا كەسىپنى بىلمەسمەن، ھەم مۇشۇ كەسىپكىلا كۆنگەنمەن. مېنى مۇشۇ كەسىپكە كامىل قىلىپ، ياخشىراق تور ۋە يېڭى قېيىق تەييارلاپ بەرسەڭ، تىرىكچىلىكىمنى ياخشىراق داۋام قىلار ئىدىم.

— بۇ كەسىپنى تەرك قىلغىن، — دەپتۇ ئالتۇن بېلىق شاھزادە، — دوستلۇقىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىسىدىن بولسىمۇ شۇنداق قىلغىن، ئۆز قېرىنداشلىرىمغا زىيانلىق بۇ كەسىپكە سېنى كامىل قىلىشقا رايىم يوق، ئۇنىڭ بەدىلىگە سېنى بېلىقچىلىقتىن باشقا 70 خىل ھۈنەر - كەسىپ ۋە ئىلىم - ھېكمەتكە كامىل قىلاي. تۇرمۇشۇڭنى باياشات، ھەم مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزگىن.

— سەن خالىغانچە بولسۇن، — دەپتۇ بېلىقچى يىگىت، — سېنىڭ ھۆرمىتىڭگە بېلىقچىلىق كەسپى ۋە بېلىق ئىستېمال قىلماقنى بىر ئۆمۈر تەرك قىلۇرمەن.

ئالتۇن بېلىق شاھزادە خۇرسەن بولۇپ، مېنى ساقلا دېگىنىچە دەريا ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ، بىر ۋاقىتلاردا يەنە يېشىل زۇمرەت يوپۇرماقلىق، قىزىل لەئەل چېچەكلىك بىر ئېسىل گىياھنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇنى بېلىقچى يىگىتنىڭ بېشىغا قويغان ئىكەن، بېلىقچى يىگىتنىڭ

ھۆسن ـ جامالىدا سائادەت ئاپتىپى پارلاپ، قەلبىگە ئىلىم ـ ھېكمەت قۇياشتەك نۇر چېچىپتۇ. 70 خىل ھۈنەر ـ كەسىپ ماھارىتى قۇيۇپ قويغاندەك ئورنىشىپتۇ، ئاندىن خاسىيەتلىك گىياھ غايىب بوپتۇ.

ئالتۇن بېلىق شاھزادە:

— ئەي دوستۇم، تىرىكچىلىكىنىڭ مەنبەسى ئەمدى قەلبىڭدىكى ئىلىم ـ ھېكمەت، ھۈنەر ـ ماھارەتتۇر، ئۇنى جايىدا ئىشلەتسەڭ بېھېساب بەختكە مۇيەسسەر بولارسەن، ئەلگىمۇ كۆپ مەنپەئەتىڭ يېتەر.

بېلىقچى يىگىت چەكسىز شادلىنىپ، كۆپ تەشەككۈر ئېيتىپتۇ. ئالتۇن بېلىق شاھزادە ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇنى ئىزدەيدىغىنىنى ئېيتىپ، خوشلىشىپ يېڭى ساياھىتىنى باشلاش ئۈچۈن يولغا راۋان بوپتۇ.

ئارىدىن يەنە ئۈچ يىل ئۆتكەندە قايتىپ كەپتۇ، قارىسا ھېلىقى ئەسكى قېيىق ئورنىدا تۇرغان، ئىچىدە يىرتىق تور تاشلىنىپ، توپا بېسىپ ياتقان، لېكىن بېلىقچى يىگىت يوق. ھەر تەرەپكە قاراپتۇ، كۆرۈنمەپتۇ، كەينىگە يېنىپ شەھەرگە كىرىپتۇ، كوچا ئارىلاپتۇ، شۇنداق يۈرۈپ، شاھ ئوردىسىدىنمۇ ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك بىر ئېسىل سارايىنى كۆرۈپ توختاپتۇ. سارايىنىڭ ئىككى تەرىپىدە 70 خىل ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى يۈزلىگەن ھۈنەرۋەن ـ كاسىپنىڭ دۇكىنى،



هەر دۇكاندا نەچچىلىگەن ئۇستا، ئۇنلىغان نىمكار بىلەن ئۆز ئىشىغا باش چۆكۈرۈپ مەشغۇل بولۇپ تۇرغان ئىكەن. سارايىنىڭ ئۇدۇلىدا بولسا يەنە ئاجايىپ كاتتا ۋە ھەشەمەتلىك بىر مەدرىسە بولۇپ، مەدرىسە دەرۋازىسى ئۇستىگە «زەرەپشان مەدرىسەسى» دىگەن خەت ئاجايىپ نەپىس نەقىشلەنگەن زەرلەۋھە ئىسىلغان ئىكەن.

ئالتۇن بىلىق نەقىشلەنگەن مەدرىسەگە كىرىشنى ئىختىيار قىلىپ تۇرغاندا بىرنەچچە غۇلام ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن باشلاپتۇ. ئالتۇن بىلىق شاھزادە مەدرىسەنىڭ ئازادە ۋە شاھانە سارايلاردەك بېزەلگەن دەرسخانىسىدا ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرۇپ، 40 تالىپقا ھېكمەت سىرلىرىدىن دەرس بېرىۋاتقان بىلىقچى يىگىتنى كۆرۈپتۇ. بىلىقچى يىگىتمۇ ئۇنى كۆرۈپتۇ ۋە چاچراپ تۇرۇپ، ئالتۇن بىلىق شاھزادە بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئالتۇن بىلىق شاھزادە ئۇنى بەختىيار تۇرمۇشى ئۈچۈن مۇبارەكلەپتۇ. ئاندىن سوراپتۇ:

— ئەي دوستۇم، ئۇدۇلىدىكى ھەشەمەتلىك ساراي ساڭا مەنسۇپ بولسا كېرەك؟

— شۇنداق، — دەپتۇ بىلىقچى يىگىت كۈلۈمسىرەپ، — ساراي ئەتراپىدىكى دۇكانلار ۋە بۇ مەدرىسە ھەم مىنىڭ. دۇكانلاردىكى ئۇستىلار مىنىڭ شاگىرتلىرىم، ئەمدى ھەقىقىي ۋە مەڭگۈلۈك بەختكە مۇشەررەپ بولۇپ، تىنچ ـ خاتىرجەم ۋە باياشات

ياشىماقتىمەن. كۆنلىرىمنى مەنىلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزمەكتىمەن، ئەمدى ھەرگىز موھتاجلىقتا قالماسمەن. بۇنىڭ ھەممىسى سەن ئاتا قىلغان ئىلىم ـ ھېكمەت، ھۈنەر ـ ماھارەتنىڭ دۆلىتى.

ـــ ئەمدى سەندىن خاتىرجەم بولدۇم، ـــ دەپتۇ ئالتۇن بېلىق شاھزادە ھەم سۆيۈنۈپ، ـــ ماكانىمغا قايتىشقا ئىجازەت قىلغىن، تىنچ ـ ئامان بولساق كېيىن يەنە كۆرۈشەرمىز.

بېلىقچى يىگىت ئۇنى بىر مەزگىل ئۆز سارىيىدا مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇتۇپ قېلىشقا كۆپ ئۇرۇنۇپتۇ. لېكىن ئالتۇن بېلىق شاھزادە قۇرۇقلۇقتا تۇرۇش مۆھلىتى توشقانلىقى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىمۇ بەك سېغىنىپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، خوشلىشىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ. بېلىقچى يىگىت ئامالسىز ئۇنى دەريا بويىغىچە ئۇزىتىپ بېرىپتۇ.

خوشلىشىش ئالدىدا:

ـــ بۇ قېتىق بىلەن تورىڭنى ئېلىپ كەتكىن، ـــ دەپتۇ، ئالتۇن بېلىق شاھزادە، ـــ ئۆتكەن كۈنلىرىڭنى ئەسلىتىپ، سېنى ھەقىقىي بەختكە ئېرىشتۈرگەن ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە ھۈنەر ـ ماھارەتنىڭ، سەمىمىي دوستلۇقنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇتۇپ تۇرغۇسى، مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇقتىن نېرى قىلغۇسى.



بېلىقچى يىگىت ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ، ئالتۇن بېلىق شاھزادە خوشلىشىپلا يەنە ئالتۇن بېلىققا ئايلىنىپ دەرياغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ.

بېلىقچى يىگىت ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىسى بولغان ئەسكى قېيىق بىلەن بېلىق تورىنى سۆرەپ، شەھەر تەرەپكە يول ئاپتۇ.

# ئاق قۇ مەلىكە

(چۆچەك)

مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ياپيېشىل قومۇشزارلىق ئۆز قوينىغا ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك بىر كۆلچەكنى يوشۇرغان ئىكەن. كۆك ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر توپ ئاق قۇنىڭ بۇ كۆلچەككە كۆزى چۈشۈپتۇ ـ دە، تۆۋەنگە شۇڭغۇپ كۆل يۈزىگە قونۇپتۇ.

ئاق قۇلار ئىچىدە پەيلىرى قاردەك ئاق ۋە تاۋاردەك جۇلالىق، بېشىغا قىزىل گۆھەر كۆزلۈك زەر تاج قوندۇرۇلغان بىرسىمۇ بار ئىكەن. باشقا ئاق قۇلار ئۇ قەيەرگە ئۈزۈپ بارسا شۇ يەرگە ئۈزۈپ بارىدىكەن، ھەم ئۇنى چۆرىدەپ قانات قېقىپ ئۇسسۇل ئوينىشىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلى كىشىنى ھاياجانغا سالغۇدەك چىرايلىق ۋە نازاكەتلىك ئىكەن.

ئۇلار شۇنداق كۆڭۈللۈك ئويناپتۇ. ئەمما قومۇشزارلىق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرغان ئوۋچى يىگىتنى سەزمەيلا قاپتۇ.

ياۋا غاز ـ ئۆردەكلەردىن بىرەرسى كېلىپ قالسا، ئېتىۋالسام



دېگەن تەمەدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئۇۋچى يىگىت قەھرىزات قارا كۆزلىرىنى ئاق قۇلارغا تىككىنىچە ئۇلارغا مەھلىيا بولۇپ، ياسىغا بەتلەپ قويغان ئوقىنى ئېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇن ـ تىۋىشسىز ئولتۇرماقتا ئىكەن. بولۇپمۇ زەر تاجلىق ئاق قۇ ئۇنىڭ بەكمۇ زوقىنى كەلتۈرىدىكەن.

بىر چاغلاردا ئاق قۇلار ئويۇندىن توختاپ يەنە كۆككە پەرۋاز قىپتۇ. قەھرىزات ئەمدى ئېسىنى تېپىپ ئوقىنى ئاتماقچى بوپتۇيۇ، لېكىن يەنە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

«ئاتما» دەيدىكەن يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ.

«ئاتقىن» دەيدىكەن ئۇنىڭ نەپسى تاقىلداپ.

«ئاھ! خۇدا، قانداق قىلسام بولار» دەپتۇ قەھرىزات پىچىرلاپ، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ چىرايلىق ئاق قۇلارنى ئاتقۇسى يوق ئىكەن. بىراق ئاتمىسا بوگۈنمۇ يەنە ئاچ قالىدىكەن.

«ئاتقىن، — دەپتۇ ئۇنىڭ نەپسى يەنە قۇتراپ، — پۇرسەتنى كەتكۈزمە.»

«ئاتسام ئاتايچۇ، — دەپ پىچىرلاپتۇ قەھرىزات ئاخىرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاق قۇلارغا قاراپ، — ئۇلار يىراقلاشتى. ئوق تەگمەسلىكمۇ مۇمكىن، تېگىپ قالسا ئۆزىنىڭ شورى.»

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ كۆزىنى يۇمۇپلا ئوقنى ئاق قۇلارغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. كۆزىنى ئاچقاندا بولسا ئاسماندىن قىزىلگۈل بەرگىدەك قانلىرى چېچىلىپ، موللاق ئېتىپ چۈشۈۋاتقان زەر

تاجلىق ئاق قۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پاراكەندە بولۇپ ئۇچۇپ يۈرگەن ئاق قۇلارغا كۆزى چۈشۈپتۇ.

«ئاھ! خۇدا، شورۇم قۇرۇسۇن، — دەپتۇ قەھرىزات گويا يا ئوقى ئۆز يۈرىكىگە سانجىلغاندەك ھېس قىلىپ،— كاساپەت ئوق، نىمىشقىمۇ ئۇنىڭ باغرىغا قادالغاندۇ، مەن ئۇنى ئەمەس، بەلكى باشقىلىرىنى كۆزلەپ ئاتقانتىمغۇ.»

شۇنداق دەۋىتىپ ئۇ قومۇشزارلىقنى يېرىپ يۈگۈرۈپتۇ. زەر تاجلىق ئاق قۇ چۈشكەن يەرگە يېتىپتۇ.

«ۋاي بۇ ئەمدى نىمە ئىش» دەپتۇ بىرىپلا كۆزلىرى چەكچىيىپ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆرگىنى باغرىغا يا ئوقى قادالغان ئاق قۇ ئەمەس، بەلكى كۆكسىگە سانجىلغان يا ئوقى تۈۋىدىن قان سىرغىپ ئاپپاق يىپەك كىيىملىرى قىزىلغا بويالغان، زەر تاجلىق، بوستان چاچلىرى ھەر تەرەپكە يېيىلغان ئاجايىپ ساھىبجامال بىر قىزنىڭ جانسىز گەۋدىسى ئىكەن، ئاق قۇلار ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇڭلۇق سادالار ياڭرىتىپ پەرىشان ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى.

قەھرىزات بىرىشىغىلا ئاق قۇلار ئۇركۈپ كېتىپتۇ، قومۇشزارلىقتا گۈزەل قىزنىڭ جانسىز جىسمى بىلەن پۇشايمان ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان قەھرىزاتلا قاپتۇ.

ئەمدى قەھرىزاتنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى ھەسرەتنىڭ جۇت - شىۋىرغانلىرىدا مۇزلاپتۇ. غۇبارسىز قەلب تۈپرىقىغا غەم - قايغۇ



قىرىقلىرى قونۇپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ساھىبجامال قىزنىڭ مۇھەببەت تۇيغۇلىرى چىرمىۋالغان، ئۇنىڭ ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئۇۋچىلىق قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان مەنىسىز كۈنلىرىگە خاتىمە بەرگەن ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆز ئوقىدا يارىلانغان گۈزەل قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

شۇ چاغ ئاق قۇلار كۆكتىن شۇڭغۇپ چۈشۈپ، ئالتۇن رەڭلىك پەنجىلىرى بىلەن قىزنىڭ جانسىز گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئۆرلەپتۇ، قەھرىزات بولسا: «توختاڭلار، مېنىمۇ ئېلىپ كېتىڭلار. مەن ئەمدى ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن ··· » دەپ نالە ـ زار قىلغانچە ئاق قۇلار ئۇچقان تەرەپكە قاراپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپتۇ. قۇمۇش ياپراقلىرىنىڭ بەدەنلىرىنى تىلىشى، دەسسەلگەن قومۇش سۆڭەكلىرىنىڭ تاپانلىرىغا سانجىلىشىغىمۇ پىسەنت قىلماي يۈگۈرۈپتۇ، ئەمما ئاق قۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ. ئۇلار ئاخىرى كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

«لەنتى ئوقىيا، — دەپتۇ قەھرىزات زەردە بىلەن، — ئەمدى سەندىن مەڭگۈلۈك ۋاز كېچىمەن.»

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ بىردىنبىر مۈلكى بولغان ئوقياسىنى سۇندۇرۇپتۇ. ئوقلىرىنى تاشلىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئاق قۇلار كەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كېتىپتۇ.

مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. قومۇشزارلىقنىڭ يەنە بىر چېتىگىمۇ چىقىپتۇ، ئاندىن بىر مەھەللىگىمۇ يېتىپتۇ. كىشىلەردىن ئاق

قۇلار ۋە ئاق قۇدىن ئۆزگىرىدىغان گۈزەل قىز ھەققىدە سوراپتۇ، لېكىن ھېچكىم بىرنەرسە دەپ بېرەلمەپتۇ. پەقەت بىر مويسىپىت كىشىلا ئۇنى پېرىخون مومايدىن سوراپ بېقىشقا تەۋسىيە قىپتۇ ھەم پېرىخون موماينىڭ ئۆيى مەھەللە سىرتىدىكى بىر چاتقاللىقتا ئىكەنلىكى، ھېچ كىشىنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ بېقىشقا جۇرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

قەھرىزات بولسا ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىپ ئىككىلەنمەستىن ئۇ كۆرسەتكەن يولغا مېڭىپتۇ. ئاخىرى پاكار دەرەخ ۋە چاتقاللار بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسكەن، يىلان ـ چايانلار سوقۇشۇپ يۈرگەن قورقۇنچلۇق بىر خىلۋەت جايغا يېتىپتۇ. چاتقاللىق ئارىسىدا ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن پەردىلەنگەن ۋە تاملىرى ھەرە كۆنىكىدەك ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن بىر قىيسىق كەپە كۆرۈنۈپتۇ. بۇ پېرىخون موماينىڭ ئۆيى ئىكەن. قورقۇنچاقلار ئۇ يەرگە يېقىنلىشىشقىمۇ جۇرئەت قىلالمايدىكەن، بىراق قەھرىزات چوڭ ـ چوڭ چامداپ چاتقاللىق ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەپە ئالدىغا بېرىپتۇ. كەپىگىمۇ كىرىپتۇ، شۇنداق بىر ھالەتنى كۆرۈپتۇ:

پەگادا چاشقانلار يۈگۈرۈشۈپ، سۇپىدا مۈشۈكلەر ئويىنىشىپ يۈرگەن، پارقىراق قوڭغۇزلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇشۇۋاتقان، سەرەمجانلار قارىداپ كەتكەن ۋە قالايمىقان تاشلانغان ئىكەن، قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭدا بولسا بىر يۈزىنى مىڭ خىل قورۇق

بىسىپ، بىشىدا چېچى، ئاغزىدا چىشى قالمىغان، تېنى قورايدەك ئورۇق بىر دۈمچەك موماي ئولتۇرىدىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم موما، — دەپ سالام بېرىپتۇ قەھرىزات.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم، — دەپتۇ پېرىخون موماي جاۋاب قايتۇرۇپ، — باتۇر يىگىتكەنسەن، بولمىسا ئۆيۈمگە كىرەلمەيتتىڭ، نېمە ئىش سېنى بۇ خىلۋەت كەپەمگە كېلىشكە مەجبۇر قىلدى؟

— مەن ئاق قۇلار ۋە ئاق قۇدىن ئۆزگەرگەن گۈزەل قىز ھەققىدە بىر نەرسە دەپ بېرەمدىكىن دەپ كەلگەنىدىم، — دەپتۇ قەھرىزات، — مەن ئۇ گۈزەل قىزنى ئاق قۇ سۈرىتىدە كۆرۈپ بىلمەي ئېتىپ سالغانتىم، باشقا ئاق قۇلار ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كەتتى، ئۇ ماڭا تېخى ھاياتتەكلا، يۈرىكى تېخى سوقۇشتىن توختىمىغاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ. مەن ئۇنى تاپسام، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالسام، ئۆز ھاياتىم بەدىلىگە بولسىمۇ قۇتقۇزسام دەيمەن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل، ئەمما يارىلانغان جانسىز جىسمىنى كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالدىم.

موماي سۆزلۈپ بېرىپ توقۇمدەك قېلىن ھەم بەك كونا بىر كىتابنى ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلاپتۇ ۋە ئاخىرى بىر بەتكە قادىلىپ قاراپ، ئۆمۈچۈك ئىزىدەك ئوقۇغۇسىز ھەرپلەرگە سىنچىلاپ باققاندىن كېيىن ئاندىن يەنە بىر كونا مىس ئەينەكنى ئېلىپ

كۆرۈپتۇ ـ دە:

ــ ئۇ بىر مەلىكە ئىكەن، ــ دەپتۇ، قەھرىزاتقا، ــ ئۇ تېخى هاياتكەن.

ــ ئاھ! جېنىم موما، ــ دەپتۇ قەھرىزات تىزلىنىپ، ــ ماڭا ياردەم قىلىڭ، ئۇنى قەيەردىن تاپقىلى ۋە قانداق قۇتقۇزغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

ــ بىكاردىن ـ بىكار ئېيتىپ بېرەمدىم، ــ دەپتۇ، پېرىخون موماي كۈلۈپ كېتىپ، ــ قارىسام بىر تىيىن پۇلسىز يېتىمدەك تۇرىسەن. شۇڭا ئۈچ يىل خىزمەتكارىم بول. ئاندىن ساڭا ئاق قۇ مەلىكىنى تېپىش ۋە قۇتقۇزۇش يولىنى ئۆگىتەي.

ــ بىراق ئۈچ يىلغىچە ئۇ جاندىن جۇدا بولىدۇ ـ دە، ــ دەپتۇ قەھرىزات قايغۇرۇپ.

ــ ھېچنېمە بولمايدۇ، ــ دەپتۇ، پېرىخون موماي، ــ چۈنكى ئۇ پەرىزات مەلىكە ئىكەن. پەرىزاتلار شاھىنىڭ ئارزۇلۇق يېگانە قىزى ئىكەن. ئاتا ـ ئانىسى بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. يارىسىنى تولۇق ساقايتىش بولسا ساڭىلا نېسىپ بولىدۇ. بىراق ماڭا خىزمەتكار بولۇشنى ئاددىي چاغلىما، تاپشۇرغان ئىشىمدا قىلچىلىك سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويساڭ جېنىڭنى ئېلىپ، تېنىڭنى پارچىلاپ مۇشۇكلىرىمگە يەم قىلىمەن. تاپشۇرغان ئىشلىرىمنى ئورۇنداشقا كۆزۈڭ يەتمىسە ئاق قۇ مەلىكىنىڭ ۋەسلىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ھازىرلا كەتسەڭمۇ

بولىدۇ.

ــ ياق، ــ دەپتۇ قەھرىزات قەتئىيلىك بىلەن، ــ مەن ئۈچ يىل ئىشلەپ بېرەي، سەۋەنلىك سادىر قىلىپ سالسام خالىغىنىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، مەن رازى.

پېرىخون موماي ئىشلارنى تاپشۇرۇپتۇ. قەھرىزات شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۇنىڭ خىزمەتكارى بوپتۇ، ۋەزىپىسى مۈشۈكلەرگە چاشقان يېگۈزمەسلىك، چاشقانلارغا تۇن كېچىلەرنى كىچىك پانۇستەك يورۇتۇپ بېرىدىغان يالتىراق قوڭغۇزلارنى يېگۈزمەسلىك، يالتىراق قوڭغۇزلارغا بولسا چاڭ قوندۇرماسلىق ۋە بۇ ئۈچ خىل جانىۋارلارنىڭ ھەممىسىگە يەم بېرىش ... ۋە باشقا ئېغىر - يەڭگىل تۈرلۈك ئىشلار ئىكەن. بۇ ئىشلار يۈكسەك سەۋرچانلىق، ھوشيارلىق ۋە چىدامچانلىق تەلەپ قىلىدىكەن.

قەھرىزات ھەممە ئىشنى بەجانىدىل، ياخشى ئورۇنداپتۇ. قىلچىلىك ۋايسىماپتۇ. شۇنداق يۈرۈپ ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. موماي ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بوپتۇ. شۇڭا ئۈچ ئاي بولغان كۈنى موماي ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، مۈشۈك، چاشقان ۋە قوڭغۇزلارنى يىغىپتۇ - دە، ئاندىن ئۇلاردىن بىر - بىرلەپ گەپ سوراپتۇ.

ــ قېنى مۈشۈكلەر ئېيتىڭلارچۇ بىرەر چاشقان يېدىڭلارمۇ؟

ــ ياق، ياق، ــ دەپ تەڭلا مىياڭلاپتۇ 40 مۈشۈك.

ــ ئاچ قالدىڭلارمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ موماي يەنە.

— ياق، ياق، — دەپ تەڭلا مىياڭلاپتۇ 40 مۈشۈك يەنە.

— ئۈنىڭ خىزمەتلىرىدىن رازىمۇ سىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ موماي يەنە.

— رازى، رازى — دەپ مىياڭلاپتۇ مۈشۈكلەر يەنە.

— قېنى چاشقانلىرىم ئېيتىڭلارچۇ، — دەپ سوراپتۇ موماي. ئەمدى چاشقانلاردىن، — بىرەر قوڭغۇز يەۋالدىڭلارمۇ؟

— ياق، ياق، — دەپ تەڭلا چىرىلداپتۇ 40 چاشقان.

— ئاچ قالدىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ موماي يەنە.

— ياق، ياق، — دەپ تەڭلا چىرىلداپتۇ 40 چاشقان يەنە.

— ئۈنىڭ خىزمەتلىرىدىن رازىمۇ سىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ موماي يەنە.

— رازى، رازى — دەپ چىرىلداپتۇ چاشقانلار يەنە بىردەكلا.

— قېنى قوڭغۇزلىرىم ئېيتىڭلارچۇ، — دەپتۇ پېرىخون موماي، ئەمدى قوڭغۇزلارغا، — بىرەرسىڭلارغا چاڭ - توزان قونىدىمۇ؟

— ياق، ياق، — دەپ تەڭلا غىڭىلداپتۇ 40 قوڭغۇز.

— ئۈنىڭ خىزمەتلىرىدىن رازىمۇ سىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پېرىخون موماي يەنە.

— ياق، ياق، — دەپتۇ 39 قوڭغۇز غىڭىلداپ.

— رازى، رازى، — دەپتۇ پەقەت 40 - قوڭغۇزلا غىڭىلداپ.

— سىلەر نېمىشقا رازى ئەمەس، — دەپ توۋلاپتۇ پېرىخون

موماي سەكرەپ، چىچاڭشىپ، ــ مەن ھازىرلا ئۇنى جازالايمەن.

ــ رازى، رازى، ــ دەپ تەڭلا غىڭشىلداپتۇ 39 قوڭغۇز ئەمدى.

ــ شۇنداق، ــ دەپ غىڭشىلداپتۇ 40 ـ قوڭغۇز، ــ بايا ئۇلار سۆزدە ئېزىپ كەتتى. بىز ھەممىمىز ئۇنىڭدىن رازى. ئۇ ھەر بىرىمىزنى كۈندە ئۈچ قېتىم پاختا بىلەن سۈرتۈپ تۇردى. چاشقانلارغا يېگۈزمىدى، ئۇ بەك ياخشى ئىكەن.

ــ ياخشى، ــ دەپتۇ ئەمدى موماي كۈلۈمسىرەپ، ــ شۇڭا مەن ئۇنىڭ قالغان خىزمەت ۋاقتىنى بىكار قىلىمەن. ئاق قۇ مەلىكىنى ئېپىش ۋە قۇتقۇزۇش يولىنى كۆرسىتىپ قويىمەن. بىر مۈشۈك، بىر چاشقان، بىر قوڭغۇز سوۋغا قىلىمەن.

ــ رەھمەت موما، ــ دەپتۇ قەھرىزات خۇشال بولۇپ، ــ تېزرەك ئېيتىپ بېرىڭا.

ــ ساڭا بىر تۇمۇر كەش، بىر تۆمۈر ھاسا بېرىمەن، ــ دەپتۇ پېرىخون موماي، ــ كەشنى كىيىپ، ھاسىنى كۆتۈرۈپ ئاق قۇلار كەتكەن تەرەپنى نىشانلاپ ماڭىسەن، كەش ئۇپراپ تېشىلگەندە، ھاسا ئۇپراپ يېرىملىغاندا بىر ئېگىز تاغ باغرىغا يېتىسەن. تاغدا «ئادەمگىياھ» ئىسىملىك بىر خىسلەتلىك گىياھ بار، شۇ گىياھ ئاق قۇ مەلىكىنىڭ يارىسىنى تولۇق ساقايتىدۇ، بىراق گىياھنى بىر دىۋە، بىر ئەجدىھا، بىر شىر ساقلايدۇ. ئۇلارنى يوقاتساڭ «ئادەمگىياھ» قا ئېرىشىسەن، ئاندىن يەنە

تاغدىن ئارتىلىپ ئۈچ يىل ماڭساڭ ئاق قۇ مەلىكىنىڭ شەھىرىگە يېتىسەن.

موماي سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مۈشۈكلەرگە قاراپ:

— قايسىڭلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بارىسىلەر؟ — دېگەنىكەن.

— مانا مەن، مانا مەن، — دەپ تەڭلا مىياڭلاپتۇ 40 مۈشۈك.

— سەن بىللە بار، — دەپتۇ پېرىخون موماي ئەڭ كىچىك سېرىق ئاسلانغا.

— قايسىڭلار بىللە بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ ئەمدى چاشقانلاردىن.

— مانا مەن، مانا مەن، — دەپتۇ چاشقانلار تەڭلا چىرىلداپ.

— سەن بىللە بار، — دەپتۇ پېرىخون موماي ئەڭ كىچىك بىر چاشقانغا.

— سىلەردىن قايسىڭلار بىللە بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ ئەمدى قوڭغۇزلاردىن.

— مانا مەن، مانا مەن، — دەپ غىڭىلداپتۇ قوڭغۇزلارمۇ تەڭلا.

— سەن بىللە بار، — دەپتۇ پېرىخون موماي ئەڭ كىچىك، ئەڭ پارقىراق 40 - قوڭغۇزغا.

قەھرىزات بۇ كىچىك جانىۋارلار ماڭا نىمە قىلىپ بېرەر، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن پېرىخون مومايىنىڭ كۆڭلىنى دەپ

مۇشۇكنى قوينىغا، چاشقاننى يانچۇقىغا سېلىۋاپتۇ. قوڭغۇزنى بۆكىگە قوندۇرۇۋاپتۇ.

ئاندىن يەنە موماي بەرگەن كەشنى كىيىپ، ھاسىغا تايىنىپ، خوشلىشىپ يولغا ئاتلىنىپتۇ.

كىيىۋالغان تۆمۈر كەش بىلەن تايىنىۋالغان تۆمۈر ھاسا بەكمۇ ئېغىر ئىكەن. بىراق قەھرىزات ئۇلارنى زادىلا تاشلىۋەتمەپتۇ، بەلكى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى يەڭگىل ھېس قىپتۇ. شۇنداق يۈرۈپ قانچىلىك ۋاقىت يۈرگىنى نامەلۇم، كۆرمىگەن مۈشەققەتلەرنى يېڭىپ، نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ بىر چاغلاردا چوققىسى بۇلۇتلار باغرىنى تېشىپ كىرىپ كەتكەن غايەت ئېگىز بىر تاغ باغرىغا يېتىپتۇ. قارىسا تۆمۈر كەش تېشىلىپ، تۆمۈر ھاسا يېرىملاپ قالغان ئىكەن.

قەھرىزات خۇشاللىقىدىن سەكرەپ ـ تاقلاپ تاغ باغرىدىن يۇقىرى ئۆرلەپتۇ. كېيىن ئۆمىلەپ دېگۈدەك يۇقىرى ئۆرلەپتۇ، ئاخىرى ياۋايى پېلەك، تاش قىرلىرىغا ئېسىلىپ ـ يامىشىپ ئۆرلەپتۇ. قوللىرى تىلىنىپ، قاناپ، قانلىرى شورقىراپ ئېقىپتۇ. پۇتلىرىنىڭ ماغدۇرى قالماپتۇ، لېكىن كەينىگە يېنىشنى خالىماپتۇ.

ئۇ شۇنداق قىينىلىپ تۇرغىنىدا تۇيۇقسىز كۆز ئالدى نۇرلىنىپ ئاق قۇ مەلىكە زاھىر بوپتۇ. ئۇ كۈلۈمسىرەپ ئۆزىگە قاراپ قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغان، دۈمبىسىدە بىر جۈپ ئاق قۇ

قانىتى لەپىلدەۋاتقان ئىكەن.

قەھرىزات ئىھ! مەلىكەم، دېگىنىچە ئىختىيارسىز ئېسىلىپ تۇرغان ياۋا پېلەكنى قويۇۋېتىپ مەلىكىگە قول سوزۇپتۇ، ئەمما مەلىكە شۇ ھامان غايىب بوپتۇ. قەھرىزات بولسا تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتمەستىن ھاۋادا مۇئەللەق تۇرۇپ قاپتۇ، چۈنكى ئەمدى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىمۇ بىر جۈپ قانات پەيدا بولغانىكەن.

ئۇ قاناتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تاغ چوققىسىغا ئۆرلەپتۇ، بىر تەكشىلىككە قونۇپتۇ. قاناتلار غايىب بوپتۇ.

قەھرىزات ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ ھەر تەرەپكە نەزەر سېپتۇ. تاغ چوققىسىنىڭ ئەڭ ئۇچىدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئادەمگىياھنى كۆرۈپتۇ، ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈچ پەلەمپەيدىن چىقىش كېرەك ئىكەن.

قەھرىزات بىرىنچى پەلەمپەيگە قەدەم قويۇپتۇ، شۇ ھامان بېشى گۈمبەزدەك، كۆزلىرى پانۇستەك غايەت زور بىر ھەيۋەتلىك شىر ھازىر بوپتۇ، ئۇنىڭ دەھشەتلىك ھۆركىرەشلىرى تاغنى تەۋرىتىۋېتىپتۇ، شۇ خەتەرلىك پەيتتە تۇمۇر ھاسا تۇيۇقسىز ئالماس قىلىچقا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. قەھرىزات ئۇنىڭ بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن شىرنى چېپىپتۇ. بىراق زەرب بىلەن ئۇرۇلغان قىلىچمۇ شىرنىڭ تېنىگە بىر ئىلىك پېتىپلا توختاپ قاپتۇ. شىرنىڭ يارىلانغان يېرى بولسا تېزلا ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ تۇرۇپتۇ. ھەرقانچە جاسارەت بىلەن ئېلىشسىمۇ قەھرىزات شىرنى

ئۆلتۈرەلمەپتۇ. بەلكى ئۆزى چارچاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى چاشقان ئېتىلىپ چىقىپتۇ ـ دە، يوغىناپ، يوغىناپ شىردىنمۇ بىر ھەسسە يوغان ھەيۋەتلىك ئېيىققا ئايلىنىپ شىرغا تاشلىنىپتۇ، شىر ئاخىرى ئېيىقنىڭ پەنجىسى ئاستىدا جان بېرىپتۇ.

قەھرىزات سەل ئارام ئېلىپ ماغدۇرىغا كەلگەندىن كېيىن يەنە ئېيىق ھالىتىدىن چاشقان ھالىتىگە قايتقان چاشقاننى قايتىدىن يانچۇقىغا سېلىپ ئىككىنچى پەلەمپەيگە قەدەم قويۇپتۇ، شۇ ھامان بۇ يەردە تومۇلۇقى توققۇز غۇلاچ كەلگۇدەك چوڭ بىر ئەجدىھا ھازىر بولۇپ ئۇنى دەم تارتىپتۇ، بىراق قەھرىزاتنىڭ قوينىدىكى مۈشۈك چاچراپ چىقىپ يولۋاسقا ئايلانغانچە ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىپتۇ، ئەجدىھانىڭ قورسىقىدا يوغىناپ، يوغىناپ ئاخىرى ئەجدىھانىڭ قارنىغا پاتماپتۇ ـ دە، پارسىلدىغان ھەشەمەتلىك سادالار بىلەن تەڭ ئەجدىھانىڭ تېنىنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىپتۇ. يولۋاس بولسا يەنە مۈشۈككە ئايلىنىپ قەھرىزاتنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىپتۇ، قەھرىزات ئەمدى ئۈچىنچى پەلەمپەيگە قەدەم قويۇپتۇ.

بۇ يەردە بويى غايەت ئېگىز مۇناردەك، قوللىرى چىناردەك بىر قارا دىۋە ھازىر بوپتۇ. دىۋە گۈمبەزدەك يوغان ئۇمۇت بىلەن قەھرىزاتنىڭ بېشىغا ئۇرۇپتۇ، قەھرىزات قىلىچ بىلەن توسۇپتۇ، ئۇمۇت قىلىچقا تېگىشى بىلەن تەڭ چاقماقلار چېقىلىپ ئوت

ئۇچقۇنلىرى يېنىپتۇ. دەھشەتلىك جەڭ باشلىنىپتۇ. مۇشۇك يولۋاسقا، چاشقان ئېيىققا ئايلىنىپ قەھرىزاتقا ھەمدەم بولۇپتۇ، دىۋىنى ھەر تەرەپتىن تالاپتۇ، لېكىن ئۇلار ھېچقانداق قىلىپمۇ دىۋىنى يوقىتالماپتۇ، چۈنكى دىۋىنىڭ جاراھىتى ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ تۇرىدىكەن. جەڭ شۇ ھالەتتە بىر كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىپتۇ. دىۋە بۇلارنى يېڭەلمەي ئاخىرى دەھشەتلىك قارا قۇيۇنغا ئۆزگىرىپتۇ ـ دە، ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ تاغدىن تۆۋەنگە تاشلىماق بوپتۇ. بىراق ئېيىق بىلەن يولۋاسنى قىمىرلىتالماپتۇ، قەھرىزاتنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ تاشلىغان بولسىمۇ، شۇ ھامان يەنە ئاق قۇ مەلىكە زاھىر بولۇپ ئۇنىڭغا يېڭى جاسارەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلاپتۇ. دۈمبىسىدە بولسا يەنە بىر جۈپ قانات پەيدا بولۇپ، ئۇنى يەنە تاغ چوققىسىغا قايتۇرۇپ چىقىپتۇ. شۇ چاغ قەھرىزاتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «دىۋىنىڭ جېنى ئادەمگىياھ تۈۋىگە چاڭگا تىزغان قۇزغۇننىڭ تۇخۇمى ئىچىدە» دېگەن بىر سادا ياڭراپتۇ. قەھرىزات بۇنى ئاڭلاپلا دىۋىنى يانداپ ئۆتۈپ ئادەمگىياھ يېنىغا يۈگۈرۈپتۇ. بىراق دىۋە بىر قارا تۇتەككە ئايلىنىپ، ئالەم ـ جاھاننى قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى بېسىپتۇ. قەھرىزات ھېچنېمىنى كۆرەلمەي تەمتىرەپ قاپتۇ.

شۇ چاغ ئۇنىڭ بۆكىدىكى يالتىراق قوڭغۇز چوكىيىپ يوغان پانۇستەك بىر قوڭغۇزغا ئايلىنىپتۇ ـ دە، ئالدىدا ئۇچۇپ

قەھرىزاتقا يول باشلاپتۇ. ئۇلار ئادەمگىياھ تۇۋىگە يېتەي دېگەندە چوڭلۇقى تۆگىنىڭكىدەك كېلىدىغان بىر قۇزغۇن چاڭگىلىدىن قوزغىلىپ قەھرىزاتقا ھۇجۇم قىپتۇ، قەھرىزات ئالماس قىلىچ بىلەن قۇزغۇنغا تاقابىل تۇرۇپتۇ. قوڭغۇز بولسا ئادەمگىياھ تۇۋىگە ئۇچۇپ بېرىپ تۇخۇمنى چېقىپ تاشلاپتۇ. شۇ ھامان تۇتەك تاراپ قۇزغۇن غايىب بوپتۇ. دىۋە ئەسلىگە يېنىپ قان قۇسقىنىچە تاغ چوققىسىدىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ تېنى تېرىقتەك پارچىلىنىپ ھەريان چېچىلىپتۇ.

قەھرىزات شۇ پۇرسەتتە ئادەمگىياھنى يۇلۇۋاپتۇ، قوڭغۇز، چاشقان، مۈشۈكلەر بولسا، «خەير - خوش قەھرىزات» دېيىشىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. قەھرىزات ئەمدى ئۆزى يالغۇز تاغدىن تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلاپتۇ. قوللىرى تىلىنىپ، تاپانلىرى تېشىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئادەمگىياھنىڭ خاسىيىتى بىلەن ساقىيىپ تۇرۇپتۇ، شۇ ھالەتتە بىر كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ - تىرمىشىپ تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە چۈشۈپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ماڭىدىغان يولى ئاجايىپ - غارايىپ دەشت - باياۋان، يىرتقۇچلار قۇتراپ يۈرگەن خەتەرلىك ماكان ئىكەن. بىراق ئۇ يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلەپتۇ. ئالماس قىلىچ بىلەن يولۇققان يىرتقۇچلارنى يوقىتىپ مېڭىپتۇ، شۇ تەرىقىدە قانچىلىك ماڭغىنى نامەلۇم ئاخىرى بىر جايدا ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق سەۋەبىدىن ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. ئۇستىگە تاپ يەيدىغان

قۇشلار توپلىشىپتۇ. بىراق شۇ خەتەرلىك مىنۇتلاردا يەنە ئاق قۇ مەلىكە زاھىر بوپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا ياقۇت جام، جامدا ئىسىل شەربەت بار ئىكەن. قۇشلار ئۇنى كۆرۈپلا تاراپ كېتىپتۇ. ئاق قۇ مەلىكە قەھرىزاتنىڭ لېۋىگە شەربەت تېمىتىپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ، قەھرىزات ۋۇجۇدىغا يېڭى كۈچ قوشۇلغاندەك ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شۇ ھامان يەنە دۇمبىسىدە بىر جۈپ قانات پەيدا بولۇپ ئۇنى ئۇچۇرۇپ مېڭىپتۇ.

قەھرىزات ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، نۇرغۇن يوللارنى بېسىپتۇ. ئاخىرى ئېگىزلىكتىن بۇلۇتلار بىلەن لەيلەپ يۈرىدىغان بىر تاغ باغرىغا يېتىپتۇ. ئېگىزگە ئۆرلەپ تاغ چوققىسىغىمۇ چىقىپتۇ، بۇ يەر سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرىلىك بىر گۈل ـ چىمەنزار، پەرىزاتلار ماكانى ئىكەن.

قەھرىزات ئۇچۇپ يۈرۈپ پەرىلەرنىڭ شاھ ئوردىسى ئۈستىگە يېتىپتۇ، كېنىزەك پەرىلەر ئۇنى كۆرۈپلا توۋلاپ كېتىشىپتۇ:

— مەلىكىمىزنىڭ قاتىلى ئۆز ئايىغى بىلەن كەپتۇ، — دەپ.

شۇ ھامان ياساۋۇل پەرىلەر قەھرىزاتنى تۇتۇپ شاھ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. كېنىزەكلەر بار ئەھۋالنى ئەرز قىپتۇ.

كۆزلىرىگە قان تولۇپ، غەزەپ تۇتۇنلىرى دىماقلىرىنى ئېچىشتۇرغان پەرىلەر شاھنى توۋلاپتۇ:

— دەرھال ئۇل ناكەسنى مىڭ خىل ئازاب بىلەن قەتلى قىلىڭلار، — دەپ.

قەھرىزات تەمكىنلىك بىلەن دەپتۇ:

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، خاتالىقىمنى تونۇپ، تۇزەتمەك ئۈمىدى بىلەن كۇرمىلىڭ مۇشەققەتلەر ئىچىدە خىسلەتلىك «ئادەمگىياھ» ئىلىپ كەلدىم. ئۇنىڭ بىلەن مەلىكىنىڭ جاراھىتى ساقايغۇسى، ئىجازەت قىلسىلا بىرىپ مەلىكىنى بىرلا كۆرۈۋالسام، خىسلەتلىك ئادەمگىياھ بىلەن داۋالاپ قويسام، ئاندىن خالىغاننى قىلسىلا.

— خاتالىقىڭنى تۈزەتمەك بولغىنىڭ ئۈچۈن تەلىپىڭنى قوبۇل قىلۇرمەن، — دەپتۇ پەرىلەر شاھى، — بارغىن، قىزىم بىر يىلدىن بۇيان ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىقىدا ھوشسىز ياتىدۇ. نىمە ئۈچۈنكى ئۇنىڭ شۇ بىر ئاددىي جاراھىتى ھىچ ساقايمايدۇ. چۈنكى بىز پەرىلەرنىڭ كاتتىلىرى ئۆز جىنىمىزنى ئەڭ بىخەتەر جايلارغا يوشۇرۇپ قويىمىز. تىنىمىزگە قىلىنغان ھەرقانداق زىيانكەشلىك بىزنى جاندىن جۇدا قىلالماس، ھەرقانچە ئىغىر جاراھەتمۇ ساقىيىپ كىتەر ئىدى. ئەگەر قىزىمنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ، جاراھىتىنى ساقايتالىساڭ سىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇمايمەن.

پەرىلەر قەھرىزاتنى مەلىكە قەسرىگە ئىلىپ بىرىپتۇ. قەسرىنىڭ بىر خىشى ئالتۇن بولسا، بىر خىشى كۇمۇشتىن، تۇۋرۇكلىرى بىللۇر ۋە ئىشىك - دىرىزىلىرى ياقۇتتىن ئىكەن. قەسرىنىڭ چىك ئوتتۇرىسىدىكى لەئلى - جاۋاھىراتلار بىلەن

بېزەلگەن ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئاق قۇ مەلىكە قاناتلىرىنى كېرىپ ياتقان يارىلانغان چوڭ ئاق قۇدەك قانغا بويالغان ئاپپاق كۆڭلەكلىرى ھەر تەرەپكە يېيىلغان ۋە كۆكسىگە قادالغان ئوق ئەمدى ئۇنىڭ جانسىز قولىدا چىڭ سىقىملانغان ھالەتتە ياتار ئىكەن.

قەھرىزات بېرىپ خىسلەتلىك ئادەمگىياھنى مەلىكىگە يۇرىتىپتۇ، مەلىكىنىڭ شامدەك تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە قان يۈگۈرۈپ، چېھرى تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپتۇ.

قەلبى شادلىق ۋە ئۈمىدكە تولغان قەھرىزات ئەمدى ئادەمگىياھنى ياقۇت جامغا سېلىپ، ئالتۇن بولقا بىلەن ئېزىپ شەربىتىنى چىقىرىپتۇ ـ دە، مەلىكىنىڭ لەۋلىرىگە تېمىتىپتۇ، يارا ئاغزىغىمۇ قۇيۇپتۇ.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا مەلىكە شەھلا كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ، ئورنىدىنمۇ تۇرۇپتۇ، بۇ ھال قەھرىزات ۋە جىمى پەرىلەرنى چەكسىز شادلاندۇرۇپتۇ.

ئاندا قەھرىزات مەلىكىگە ئۆزرە ئېيتىپ:

ــ ئەي مەلىكە، قىلغان ئىشىمغا كۆپ پۇشايمانلار قىلدىم، ــ دەپتۇ خىجىللىق بىلەن، ــ ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىلمەن، مېنى ئەپۇ قىلغايسىز.

ــ ئەپۇ سورىشىڭىز بىھاجەت، ــ دەپتۇ مەلىكە كۈلۈمسىرەپ، ــ ئاق قۇ سۈرىتىدە يۈرگىنىم ئۈچۈن بۇ

پالاكەتكە دۇچار بولدۇم. تۇرلۇك مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي مېنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن ئادەمگىياھ ئېلىپ كەلدىڭىز، بۇنىڭ ئۇچۇن تېخى سىزگە تەشەككۇر ئېيتىشىم كېرەك.

— مەن خەتەرگە يولۇققان، ھاياتىم قىل ئۇستىدە قالغان مىنۇتلار سىز كۆز ئالدىمدا زاھىر بولۇپ خەتەردىن خالاس قىلدىڭىز ۋە مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلدىڭىز، — دەپتۇ قەھرىزات، — سەۋەبىنى بىلگۇم كېلۇركى، ئۆزىڭىز مۇندا ھوشسىز يېتىپ قانداقسىگە يەنە ماڭا ياردەم قىلدىڭىز؟

— ئوقىڭىز تېگىپ يارىلانغاندا يەرگە ئەسلىي ھالىتىم بىلەن چۈشكەن ئىدىم. مەقسىتىم قىلغان ئىشىڭىزغا پۇشايمان قىلدۇرۇش ئىدى، چۈنكى شۇ چاغ بەكمۇ رەھىمسىزلىك قىلغان ئىدىڭىز، لېكىن مەن تېخى ھوشۇمدىن كەتمىگەن، شۇڭا قېشىمغا كېلىپ قىلغان سۆزلىرىڭىز ۋە ئىشلىرىڭىزدىن ئەسلىي ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل ياخشى يىگىتلىكىڭىزنى ۋە بىر كۆرۇپلا يەنە ماڭا ئاشىق بولغىنىڭىزنى بىلدىم. كۆڭلۇمدىكى غەزەپ ئوتى پەسىيىپ، مېھرىبانلىقىم قوزغالدى ۋە سىزنى سىناپ كۆرگۇم كەلدى. شۇڭا سېھىر بىلەن سۇرىتىمنى ھاسىل قىلىپ ئاق قۇلاردىن ئاتام ئالدىغا ئەۋەتتىم، ئۆزۇم باشتىن ـ ئاخىر سىزگە ھەمراھ بولدۇم، كۆزىتىپ يۇردۇم، تىلىڭىز بىلەن دىلىڭىز بىر ئىكەن. قەتئىي ئىرادە ۋە جاسارەتكە تايىنىپ مانا مەقسەت مەنزىلىگە يەتتىڭىز، ئەمدى ئۆزۇمنى سىزگە تاپشۇردۇم.

ئىختىيار سىزدە.

قەھرىزات بۇ سۆزدىن چەكسىز خۇرسەن بولۇپ تېرىسىگە سىغماي قاپتۇ. ئاق قۇ مەلىكىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بۇ غەيرەتلىك يىگىتكە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە قىزىنىڭ رايى، قەھرىزاتنىڭ تەلىپى بىلەن پەرىلەر رەسىمىدە توي ـ تاماشا قىلىپ، شاھانە مەرىكىلەر ئۆتكۈزۈپ ئاشىق يىگىتنى مەشۇق ۋەسلىگە يەتكۈزۈپتۇ، ئۇلارمۇ بىر ئۆمۈر ساداقەتمەن، ۋاپادار بىر جۈپلەردىن بولۇپ، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

# غۇنچە قىز ھەققىدە چۆچەك

(چۆچەك)

ئۆتكەن بىر زامانلاردا، تەكلىماكاننىڭ بويىدا، خىلۋەت بىر يېزىدا بىر جۈپ بوۋاي ـ موماي ياشىغان ئىكەن. ئۇلار ئۆمۈر بويى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولغاچ قېرىغىنىدا يار ـ يۆلەك بولىدىغان ئادىمىمۇ يوق ئىكەن. شۇنداقتىمۇ بوۋاينىڭ ئىشچانلىقى، مومايننىڭ ئەقىللىقلىقىدىن تۇرمۇشىنى تەڭلىك تارتىپ قالماي، خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىكەن. بىراق پەرزەنتسىزلىكىدىن ھەر ئىككىسىنىڭ دىلى شىكەستە ئىكەن.

— بىر بالىمىز بولسىچۇ، — دەپتۇ بىر كۈنى بوۋاي خورسىنىپ، — بىر ئىش قىلىپ بېرەلمىسىمۇ مەيلى ئىدى، بالىلىق بولغىنىمىزغا سۆيۈنۈپ خۇشال ـ خۇرام يۈرەتتۇق.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — دەپتۇ موماي، — خۇدايىمدىن تىلەيلى، پەرزەنت ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس.

— ياشلىقىڭدا تۇغمىدىڭ، ئەمدى بىر پۇتۇڭ گۆرگە ساڭگىلىغاندا قايسى ھالىڭ بىلەن بالا تۇغماقچىدىڭ؟ — دەپتۇ بوۋاي تېرىكىپ.

— ئىرىكلا بولسام نائۇمىد يۇرمەيمەن، — دەپتۇ موماي يەنە، بىراق سۆزىنىڭ ئايىغى چۇشمەيلا ئەھۇ - ئەھۇ قىلىپ قاتتىق يۆتىلىشكە باشلاپتۇ. يۆتىلىۋېتىپ، — ۋايىيەي، مەيدەمدە بىر نىمە تۇرۇپ قالغاندەك قىلىدىغۇ، ۋاي دادىسى، دۇمبەمگە بىر - ئىككىنى شاپىلاقلاپ قويسىلىچۇ، — دەپتۇ بوۋايغا. بوۋاي:

— خۇدا تېنىڭنى ساق قىلسۇن خوتۇن، — دېگىنىچە مومايىنىڭ كەينىگە ئۆتۇپ، دۇمبىسىگە بوش قىلىپ بىرنەچچىنى شاپىلاقلاپتۇ. شۇ ھامان بىر ئاجايىپ ئىش يۈز بېرىپتۇ، نىمە ئىش دېمەمسىلەر؟ موماي ئاخىرقى قېتىم قاتتىق بىر يۆتىلىش بىلەن تەڭ ئاغزىدىن گۇل غۇنچىسىدەك بىر مونەك ئېتىلىپ چىقىپ، يەرگە چۇشۇپتۇ - دە: «ۋايجان، ۋايىيەي، ئەجەب بەك ئاغرىپ كەتتى» دېگەن ئىنچىكە ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ھادىسىدىن ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان بوۋاي، موماي بىر ھازادىن كېيىن ھېلىقى كىچىككىنە نەرسە ئۇستىگە تەڭلا ئېڭىشىپتۇ - دە، كۆزلىرى جامدەك چەكچىيىپ كېتىپتۇ. نىمە كۆرۇپتۇ دېمەمسىز، كىچىككىنە بىر ئادەمچاق، تېخىمۇ توغرىراقى بىر قىزچاقنى كۆرۇپتۇ.

— تىلىكىم ئىجابەت بوپتۇ، — دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ موماي، — مانا بۇ بىزنىڭ پەرزەنتىمىز.

بوۋايمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ مەمنۇنلۇق بىلەن باش لىڭشىتىپتۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ھېلىلىدەك قورۇلغان يۈزىدە شادلىق كۈلكىسى پارلاپتۇ، گەرچە كىچىككىنە بىر قىزچاق

بولسمۇ، ھەرھالدا بالىسى بولغىنىغا شۈكۈر ئېيتىپ، ئۇنى ئاۋايلىغىنىچە ئالقىنىغا ئېلىپ، قويماي قارىشىپتۇ. قىزچاق بولسا ئۇلارنىڭ ئالقىنىدا سەكرەپ، تاقلاپ، ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، بوۋاي ـ موماينى تازا كۈلدۈرۈپتۇ. ئۇلارنى تويدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرۈپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىچىككىنە قىزچاق ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىسىمۇ بوۋاي ـ مومايىنىڭ تۇرمۇشىغا خۇشاللىق بېغىشلاپ، غەمسىز ئۆتۈپتۇ، بوۋاي ئۇنىڭ قامىتىگە يارىشا «غۇنچە قىز» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

بىراق بوۋاي ـ مومايلار بىر مەزگىللىك خۇشاللىقتىن كېيىن يەنە بىرمۇنچە باش قېتىنچىلىققا دۇچ كەپتۇ.

چۈنكى قىزچاق ئۆيدە يۈرگەندە، چاشقان ئەپقاچارمىكىن، دەپ غەم قىلسا، سىرتقا چىققاندا قاغا چوقۇۋالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىدىكەن. بەزىدە غۇنچە قىز بىرەر تۆشۈككە چۈشۈپ كېتىپ، بوۋاي ـ موماينى خېلىلا ئىزدەتسە، بەزىدە شامالدا ئۇچۇپ كېتىپ ئۇلارنى كەينىدىن خېلىلا پايپاسلىتىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ نەچچە ئايلار ئۆتۈپتۇ، بىراق غۇنچە قىز قىلچىلىك چوڭ بولماپتۇ.

ــــ ئاھ ! خۇدا، ــــ دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ بىر كۈنى بوۋاي غۇنچە قىزنى بىر پاقىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ كېلىپ، ــــ بىچارە قىزىمىز بىزدىن كېيىن قالغاندا قانداق كۈن ئۆتكۈزەر؟

ــــ چوڭ بولۇپ قالار، نائۇمىد بولمىسىلا، ــــ دەپتۇ، موماي

ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، بىراق گەپنى شۇنداق قىلغان بىلەن ئۇمۇ بوۋايدىن بەكرەك قىزنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

شۇ كۈنلەردە بۇ يېزىدىن چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر مويسىپىت ئەۋلىيا ئۆتۈپ قاپتۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بوۋاي ـ موماي دەرھال شاپاشلاپ چىقىپ، ئالدىنى توسۇپ، قىزنىڭ چوڭ بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن ئىكەن.

ــ ھاجەتسىز، ــ دەپتۇ ئەۋلىيا غۇنچە قىزنى كۆرۈپ، ــ كىچىك بالىنى چوڭ قىلىدىغان ئاجايىپ خاسىيەتلىك بىر خىل مېۋە بار، بىراق ئۇ ناھايىتى يىراقتا. قىزىڭلار ئۇنى ئۆزى تەنھا بېرىپ ئىزدەپ تاپسۇن. ئۇنى سەپەرگە ئەۋەتىڭلار.

ــ ۋاي خۇدايىمەي، ــ توۋلاپ كېتىپتۇ موماي، ــ قىزىمىز ھەرگىز يالغۇز سەپەرگە چىقالمايدۇ، ھەر قەدەمدە خەتەرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

ــ ئەمىسە ئۆز بىلگىنىڭلارچە قىلىڭلار، ــ ئەۋلىيا شۇنداق دەپتۇ ـ دە، ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. بوۋاي ـ موماي بېشى قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، يەنە بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ، غۇنچە قىز يەنىلا شۇ بىر خىل ھالىتىدە يۈرۈۋېرىپتۇ. بىراق ئۇ كۈندە نەچچە خىل خەۋپكە يولۇقۇپ تۇرىدىكەن، بەزىدە ئۆزىنى ئېلىپ قاچماقچى بولغان چاشقان بىلەن دوست بولغۇسى كېلىدىكەن، گاھى «بىرلا چوقۇپ يەۋالسام» دەپ تىكىلىپ تۇرغان قاغىغا كىچىككىنە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىدىكەن، گاھى ئۆزىنى پايلاپ تۇرغان

مۇشۇكنى چاقىرىدىكەن…

قىسقىسى، ئۇ بەك ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا بولغاچقا خېيىم ـ خەتەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي غەمسىز يۈرىدىكەن. بوۋاي بىلەن موماي بولسا ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ، نۆۋەت بىلەن كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرىكەن، ھەرگىز كۆزدىن نېرى قىلمايدىكەن.

ــ ئۇنى سەپەرگە ئەۋەتسەكمۇ ئەۋەتەيلى، ــ دەپتۇ بىر كۈنى بوۋاي، ــ بۇ يەردە تۇرۇۋەپمۇ كۈندە نەچچە قېتىم خەتەرگە يولۇقۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھېلىمۇ ياخشى خۇدا ساقلىدى، سەپىرىدىمۇ ياراتقان ئىگىسى ئۆز پاناھىدا ساقلار.

بۇنىڭغا ئۇندىمەپتۇ موماي، چۈنكى ئۇمۇ بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوقلۇقىنى ھېس قىلغان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار غۇنچە قىزنى سەپەرگە ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. موماي ئۇنىڭغا قىزىل تاۋار پۈرۈچتىن قامىتىگە مۇناسىپ كىچىككىنە كۆڭلەك، يېشىل مەخمەلدىن پوپۇچ تىكىپ بېرىپتۇ، ھاۋارەڭ يىپەك يىپتا چاچلىرىنى بوغۇپ، ھاۋارەڭ يىپەك پۈرۈچنى شارپا قىلىپ بېرىپتۇ.

بوۋاي ئۇنىڭغا يولدا نېمىلەردىن ئېھتىيات قىلىش، قانداق مېڭىش لازىملىقىنى ئىزىپ ـ ئىچۈرۈپ، بىر تاغار گەپ قىپتۇ، بىراق بىر جۈملىسىمۇ قىزچاقنىڭ تۇلىقىدا قالماپتۇ، شۇنداق بولۇشى مۇقەررەردە، چۈنكى ئۇ بەك كىچىك ئەمەسمۇ؟

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار غۇنچە قىزنى خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ بېرىپ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خەيرلىك دۇئالىرى بىلەن يولغا

ساپتۇ، غۇنچە قىزنىڭ بوۋاي ـ مومايدىن ئايرىلغۇسى بولمىسىمۇ چوڭ بولۇش مېۋىسىنى تېپىش ئۈچۈن ئامالسىز نەسىھەتكە كۆنۈپ يولغا چىقىپتۇ.

مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بىر قەدىمىنى 100 چامداپ ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىپتۇ. شۇنداق كېتىۋاتقىنىدا بىر چوڭ ئاق كېپىنەك ئۇچۇپ كېلىپ:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم قىزچاق، يالغۇز قاياققا ماڭدىڭىز، ــ دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام كېپىنەك، ئادەمنى چوڭ قىلىدىغان دورا ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، ــ دەپتۇ غۇنچە قىز جاۋابەن.

ــ ۋاي بىچارە، ــ دەپتۇ كېپىنەك ئىچ ئاغرىتىپ، ــ كىچىككىنە تۇرۇپ يالغۇز سەپەرگە چىقىپسىز، بىرەر خەتەرگە يولۇقسىڭىز قانداقمۇ قىلارسىز، كېلىڭ. مەن سىزنى كۆتۈرۈپ ئۇچايدە، مەنزىلگە ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ قوياي.

ــ رەھمەت سىزگە، چوڭ بولسام چوقۇم سىز ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل گۈللەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ، ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرىمەن، ــ دەپتۇ غۇنچە قىز ۋە ئالدىغا كېلىپ قونغان كېپىنەكنىڭ قاناتلىرى ئارىسىغا ئاۋايلاپ ئولتۇرۇپتۇ. كېپىنەك لىپ ـ لىپ قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، بىر چاغدا كېپىنەك بىر گۈلزارلىق هويلا ئىچىگە قونۇپتۇ ۋە:

ــ قىزچاق، سىز مۇشۇ يەردە ئوت ـ گىياھلار ئارىسىغا

يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭ، مەن گۈللەر ئارىسىغا بېرىپ شىرنە شورىۋالاي، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، ــ دەپتۇ غۇنچە قىزنى ئوت ـ گىياھلار ئارىسىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ.

ــ ماقۇل، بېرىڭ دوستۇم، ــ دەپتۇ غۇنچە قىز.

كېپىنەك ئۇچۇپ كېتىپتۇ، غۇنچە قىز بىر تال يېشىل ئوت سايىسىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

ئولتۇرۇپتۇ، ئولتۇرۇپتۇ، ئاخىرى زېرىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، ھويلا سەيناسىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ. قارىسا بىر موماي يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزەلمەي ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرغۇدەك، چۈنكى مومايىنىڭ كۆزى ئاجىز ئىكەن.

ئۈشتۈمتۈت يىڭنە قولىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. موماي سىلاپ ـ سىيپىلاپ يەردىن يىڭنە ئىزدەشكە باشلاپتۇ. لېكىن يىڭنە قولىغا ئۇرۇنماپتۇ، ئۇ توپا ئارىسىغا چۆكۈۋالغان ئىكەن.

«بىچارە موماي، ــ دەپتۇ غۇنچە قىز، ــ مەن بېرىپ ياردەم قىلمىسام يىڭنىنى تاپالمايدىغان بولدى.»

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ:

ــ موما، يىڭنىڭىزنى مەن تېپىپ بېرەي، ــ دەپتۇ ـ دە، يىڭنە ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

موماي ئۈشتۈمتۈت پەيدا بولغان بۇ كىچىككىنە قىزچاققا قاراپ دەسلەپ بەك چۆچۈپتۇ، كېيىن قىزىقىپ:

ــ كىم بولىسىز قىزىم، ــ دەپ سوراپتۇ غۇنچە قىزدىن.

ــ غۇنچە قىز مەن، ــ جاۋاب بېرىپتۇ غۇنچە قىز يىڭنىنى

تۇيا ئارىسىدىن ئېلىشۋېتىپ.

— قانداقىسىگە بۇ ھويلىغا پەيدا بولۇپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ موماي يەنە ئۇنى ئاۋايلاپقىنە قولىغا ئالغاندىن كېيىن.

— دوستۇم كېپىنەك بىلەن ئادەم چوڭ قىلىدىغان دورا ئىزدەپ كېتىۋاتقانتۇق، بۇ يەردە ئارام ئېلىپ ماڭايلى، دەپ كىرىپ قالدۇق، — دەپتۇ غۇنچە قىز. ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ يىڭنىگە يىپمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

— رەھمەت قىزىم، — دەپتۇ موماي، — چوقۇم تىلىكىڭىزگە يەتكەيسىز.

شۇ ھامان بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ، نېمە ئىش دەمسىز؟ مومايىنىڭ خەيرلىك تىلىكى بىلەن تەڭ غۇنچە قىزنىڭ بوي ـ بەستى چوڭىيىپ، چىمچىلاق بارماقچىلىك بولۇپ قاپتۇ، كىيىملىرىمۇ قامىتىگە ماس ھالدا چوڭىيىپتۇ.

— رەھمەت موما، — دەپتۇ غۇنچە قىز شادلىنىپ، — تىلىكىڭىز ئىجابەت بولۇپ، مانا بوي ـ تۇرقۇممۇ ئۆسۈپ قالدى.

موماي بەكمۇ خۇرسەن بوپتۇ، شۇ چاغ كېپىنەكنىڭ، «غۇنچە قىز، غۇنچە قىز، قېنى سىز؟» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— مانا مەن، مانا مەن، — دەپ تۋۋلاپتۇ غۇنچە قىز، — مەن مومايىنىڭ ئالىقىنىدا.

كېپىنەك ئۇنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ كەپتۇ. بولغان ئۆزگىرىشنى كۆرۈپتۇ ـ دە، توۋلاپ كېتىپتۇ:

— ۋاي بۇ نېمە كارامەت، بويىڭىز ئۆسۈپ قاپتىغۇ؟
— شۇنداق، — دەپتۇ غۇنچە قىز، — بويۇم ئۆستى، بۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ خۇشالمەن.
— ئادەمنىڭ بويىنى ئۆستۈرىدىغان دورا تاپتىڭىزمۇ نېمە؟ — سوراپتۇ كېپىنەك يەنە.
— ياق تېخى، — دەپتۇ غۇنچە قىز، — تېخىمۇ چوڭ بولۇش ئۈچۈن ئۇنى چوقۇم ئىزدەپ تاپىمەن.
— موما، سىلى بۇنداق دورا قەيەردە بارلىقىنى بىلەمدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ يەنە.
— ياق قىزىم، — دەپتۇ موماي، — بىراق ئۇنى هارماي - تالماي ئىزدىسەڭلا چوقۇم تاپىسەن، جاپاغا چىدىساڭلا مۇرادىڭغا يېتىسەن.
— يۈرۈڭ، — دەپتۇ غۇنچە قىز كېپىنەككە، — بىز يەنە ئىزلەشنى باشلايلى.
— هەي، — دەپتۇ كېپىنەك — ئەمدى سىزنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ ئۇچارمەن. ئەمدى چوڭىيىپ قالدىڭىزدە.
— هېچقىسى يوق، — دەپتۇ غۇنچە قىز، — سىز ئۇچسىڭىز، مەن يۈگۈرسەم بولىدىغۇ؟
— ئاق يول بولسۇن — دەپتۇ موماي ئۇلارنى ئۇزىتىپ.
— خەير - خوش. سالامەت بولۇڭ، — دەپتۇ غۇنچە قىز بىلەن كېپىنەكمۇ مومايغا.
ئۇلار هويلىدىن چىقىپ، بىرى ئۇچۇپ، بىرى يۈگۈرۈپ

سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ بىر قەدىمىنى غۇنچە قىز قىرىق قەدەم بىلەن بېسىپتۇ.

ئۇلار شۇنداق كېتىۋېتىپ بىر مۈشۈككە يولۇقۇپتۇ. مۈشۈك ئۆزى تۇتۇۋالغان بىر ئاق چاشقاننى تويپەك يۇمىلىتىپ ئويناۋاتقان، بىچارە چاشقاننىڭ قورقۇنچتىن كۆزلىرى چاچراپ چىقاي دەپ قالغان ئىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۈشۈكجان، — سالام بېرىپتۇ غۇنچە قىز ئەدەپ بىلەن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپتۇ مۈشۈك جاۋابەن، — سالىمىڭ بولمىغىنىدا بىر يالماپلا يەپ قوياتتىم، نېمانچە بەك كىچىكسەن.

— شۇنداق بەك كىچىك بولغانلىقىم ئۈچۈن ئادەمنى چوڭ قىلىدىغان دورا ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ غۇنچە قىز، — ئۆزلىرى بۇخىل دورىنىڭ قەيەردىن تېپىلىدىغانلىقىنى بىلەمدىلا.

— ۋاي بىچارە، — دەپتۇ مۈشۈك ئىچ ئاغرىتىپ، — كىچىككىنە تۇرۇپ ئۆزۈڭ سەپەرگە ئاتلىنىپسەن، بىراق سەن ئىزدىگەن نەرسىدىن خەۋەرسىزمەن. ئىزدەپ باق، هامان تېپىلار، ئاق يول بولسۇن.

— رەھمەت، رەھمەت، — غۇنچە قىز، — ئۆزلىرىمۇ ئامان بولغايلا.

— ھۆرمەتلىك مۇشۇك ئەپەندى، — دەپتۇ شۇ چاغ كېپىنەك، — قىزچاق پىيادە قالدى. كىچىككىنە قەدەملىرى بىلەن مەنزىلگە يەتمىكى بەك مۇشەققەتتۇر. بۇ چاشقاننى مەرھەمەت قىلىپ بىزگە بەرسىڭىز، قىزچاققا ئات بولۇپ بەرسە، سىزدىن كۆپ مىننەتدار بولار ئىدۇق.

— ئۇ مېنىڭ چۈشلۈك غىزايىم ئىدى، — دەپتۇ مۇشۇك، — سىلەر ئېغىز ئېچىپ قالدىڭلار. بەرسەم بېرەي، بىراق ئۇ سىلەرگە بويسۇنماي قېچىپ كېتەرمىكىن.

— قاچمايمەن، قاچمايمەن، — دەپ چىرىلداپتۇ چاشقان ئالدىراپ، — مېنى قويۇپ بەرسىلە، قىزچاقنى ئاخىرقى مەنزىلگىچە ئاپىرىپ قوياتتىم.

— ئۇ قېچىپ كەتمەيدۇ، — دەپتۇ كېپىنەك، — قۇتقۇزۇپ جېنىنى تىلىۋالساق ۋاپاغا جاپا قىلارمۇ !؟ ئەگەر شۇنداق قىلسا ئۆزىمۇ ھامان ياخشىلىق كۆرمەيدۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ مۇشۇك، — ئەگەر سىلەرگە ئەسكىلىك قىلسا مانا مەن چوقۇم ئەدىپىنى بېرىمەن.

— رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ كېپىنەك.

— رەھمەت سىلىگە، — دەپتۇ غۇنچە قىز.

— مەن ئاۋۋال ئۆيۈمدىن كىچىك ھارۋامنى ئېلىپ چىقاي، — دەپتۇ ئاق ئاق چاشقان قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ، — قىزچاق شۇنىڭدا ئولتۇرسۇن، مەن ئات بولۇپ سۆرەيمەن.

كېپىنەك بىلەن غۇنچە قىز ماقۇل بوپتۇ. چاشقان يۈگۈرۈپ

كېتىپ بىر چاغدا سەرەڭگە قېپىچىلىك بىر ئويۇنچۇق هارۋىنى سۆرەپ كەپتۇ.

غۇنچە قىز چاشقاننى هارۋىغا قوشۇپتۇ ـ دە، ئۆزى ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ، چاشقان هارۋىنى سۆرەپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ غۇنچە قىز كېتىۋېتىپ ناخشا توۋلاپتۇ:

بىر هارۋام بار چىرايلىق،
تۇلپارىمدۇر چاشقانجان.
كىپىنەكخان، مۈشۈكجان،
دوستلىرىمدۇر قەدىردان.
مەن نېمانچە بەختىيار،
يايراپ كەتتى تەن ۋە جان.
چوڭ بولۇشنىڭ دورىسىنى،
ئەمدى تاپارمەن قاچان.

چاشقان ناخشا ئاۋازىدىن روهلىنىپ تېخىمۇ تېز چېپىپتۇ، ئۇلارنىڭ قەدىمى بىر ئورمانغا يېتىپتۇ، تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن بىرسىنىڭ بوغۇق ئاۋازدا:

— ۋايجان، ۋايىيەي، — دەپ ۋايسىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— تېزرەك بارايلى، — دەپتۇ غۇنچە قىز، — بىرسى ياردەمگە موهتاج بولسا كېرەك.

چاشقان تېخىمۇ تېز يۈگۈرۈپتۇ، ئۇلار ئاخىرى ئاۋاز چىققان

يەرگە يېتىپتۇ. ئەسلىدە سېمىزغىنە بىر ئېيىقچاق پۈتىنى قوچاقلاپ قاقشاپ ياتقان ئىكەن.

— نېمە ئىش بولدى؟ — سوراپتۇ غۇنچە قىز.

— پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتتى، — دەپتۇ ئېيىقچاق، — ۋاي - ۋۇي نېمىدېگەن كىچىك قىزچاق بۇ، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ — سوراپتۇ ئۇ يەنە ئارقىدىنلا.

— شۇنداق، مەن بەك كىچىك، — دەپتۇ غۇنچە قىز، — شۇڭا ئادەم ئۆستۈرىدىغان دورا ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. پۇتىڭىزنى سوزۇڭ، ئاۋۋال سىزگە ياردەم قىلاي.

— ماقۇل، — دەپتۇ ئېيىقچاق، پۇتىنى سوزۇۋېتىپ.

غۇنچە قىز تىكەننى كۈچەپ تارتىپ ئالغاندىن كېيىن:

— ئەمدى كۆپ ئېھتىيات قىلىڭ، — دەپتۇ ئېيىقچاققا.

— رەھمەت، — دەپتۇ ئېيىقچاق، — سىزمۇ تىلىكىڭىزگە يەتكەيسىز، — شۇ ھامان غۇنچە قىزنىڭ بوي - بەستى يەنە بىر ھەسسە دېگۈدەك چوڭىيىپ قاپتۇ.

— رەھمەت، رەھمەت، — دەپتۇ غۇنچە قىز شادلىنىپ، — تىلىكىڭىز ئەجابەت بولدى.

ئاندىن ئۇ ئېيىقچاق بىلەن خوشلىشىپ يولىنى داۋام قىلماق بوپتۇ، بىراق ئەمدى ئۇ ھارۋىغا سىغماپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، — سوراپتۇ چاشقان.

— ھېچقىسى يوق، يۈگۈرۈپ ماڭىمەن، — دەپتۇ غۇنچە قىز.

— بىراق سىز يەنىلا كىچىك، — دەپتۇ كېپىنەك، — تېز

ماڭالمايسىز.

— مۇنداق قىلساڭلار، — دەپتۇ ئېيىقچاق، — ئاۋۇ يەردە بىر سېغىزخان ئوۋچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالغان ئىكەن، قۇتۇلالماي تېپىرلاپ تۇرىدۇ. چاشقان تورنى قىرقىپ تاشلىسا ئۇ قۇتۇلىدۇ، ئاندىن قىزچاقنى مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ قويسا ئەجەب ئەمەس.

باشقىلار بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ شۇ تەرەپكە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

«قۇتقۇزۇۋېلىڭلار» دەپ توۋلاپتۇ سېغىزخانمۇ ئۇلارنى كۆرۈپلا.

چاشقان ھارۋىسىنى تاشلاپلا يۈگۈرۈپ بېرىپ تورنى قىرقىپتۇ، سېغىزخان قۇتۇلۇپتۇ.

— رەھمەت ساڭا چاشقان، — دەپتۇ سېغىزخان.

— ماڭا رەھمەت ئېيتما، — دەپتۇ چاشقان، — سەن غۇنچە قىزغا ياردەملىشىپ ئۇنى مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ قويساڭ ياخشىلىقنى قايتۇرغان بولىسەن.

سېغىزخان قايسى تەرەپكە ئۇچۇشنى سورىۋالغاندىن كېيىن غۇنچە قىزنى دۈمبىسىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ، كېپىنەكمۇ بار كۈچى بىلەن ئەگىشىپ ئۇچۇپتۇ.

غۇنچە قىز كېتىۋېتىپ ناخشا توۋلاپتۇ:

دوستلىرىم بار، كېپىنەك،
مۈشۈكۋاي، ھەم چاشقانجان.

قوشۇلغانتى ئېيىقچان،
ئەمدى يەنە سىغىزخان.
مەن نېمانچە بەختىيار،
يايراپ كەتتى تەن ۋە جان.
چوڭ بولۇشنىڭ دورىسىنى،
ئەمدى تاپارمەن قاچان.

ئۇلار ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، كېيىن بىر دەريا قىرغىقىغا قونۇپتۇ.

— دەريادىن بالىلىرىمغا سۇ ئاپىرىپ بېرىپ كېلەي، — دەپتۇ سىغىزخان، — ئۇلار يولۇمغا تەلمۈرۈپ قالغاندۇ بەلكىم.

— شۇنداق قىلغىن، — دەپتۇ غۇنچە قىز، — بىز ساقلاپ تۇرايلى.

سىغىزخان دەريادىن پوكىنىغا سۇ توشقۇزۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. غۇنچە قىز كېپىنەك بىلەن ئويناپ قاپتۇ. ئۇلار ئويناۋېتىپ يېقىنلا يەردە ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان غاز چۈجىلىرىنى كۆرۈپتۇ، ئانا غاز قاياققا كەتكەنكى ئۇلار ئۆزىسىدا يېتىشقان ئىكەن.

شۇ چاغ كېپىنەك مۇشۇ تەرەپكە تىمىسقىلاپ كېلىۋاتقان بىر تۈلكىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە:

— غۇنچە قىز، يوشۇرۇنۇۋېلىڭ، — دەپ توۋلاپتۇ ئەنسىزلىك بىلەن، — بىر تۈلكە بۇ تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ بىر يامان

يىرتقۇچ.

— چاتاق، — دەپتۇ غۇنچە قىز، — مەنغۇ يوشۇرۇنۇۋالارمەن، بىراق ئاۋۇ بىچارە چۈجىلەر ئۇنىڭغا يەم بولىدىغان بولدى ـ دە.

— ئىسىت، — دەپتۇ كېپىنەك، — قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق.

— سەن بېرىپ ئانا غازنى تاپقىن، — دەپتۇ غۇنچە قىز، — مەن غاز چۈجىلىرىنى ئوت ـ چۆپلەر بىلەن چۈمكەپ يوشۇرۇپ قوياي، ئۆزۈممۇ يوشۇرۇنۇۋالاي.

— ماقۇل، پەخەس بولۇڭ، — دەپتۇ كېپىنەك، ئاندىن ئۇ ئانا غازنى ئىزدەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

غۇنچە قىز غاز چۈجىلىرى يېنىغا بېرىپ:

— جىم يېتىڭلار، ئۇن چىقارماڭلار، تۈلكە كېلىۋاتىدۇ، مەن سىلەرنى يوشۇرۇپ قوياي، — دەپتۇ ـ دە، ئۇلارنى ئوت ـ چۆپلەر بىلەن چۈمكەپ باشقىلار سەزمىگۈدەك يوشۇرۇپتۇ. بىراق ئۆزىنى بىر چەتكە ئالغىچە تۈلكە كېلىپ قاپتۇ ـ دە:

— ھەي قىزچاق، بۇ يەردە غاز چۈجىلىرى باردەك قىلغان. ئۇلار نەگە كېتىشتى، — دەپ سوراپتۇ غۇنچە قىزدىن.

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ غۇنچە قىز كەينىگە يېنىۋېتىپ.

— تېز ئېيت، — دەپتۇ تۈلكە ئۇنى دەرياغا قىستاپ، — بولمىسا چۈجىلەرنىڭ ئورنىغا سېنى يەۋېتىمەن.

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ شۇنچە قىز يەنىلا.

تۈلكە غەزەپلىنىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە ئۇنىڭغا

ئېتىلىپتۇ، شۇ خەتەرلىك پەيتتە دەريادىن بىر ئاق غاز ئۈزۈپ كەلگەنچە غۇنچە قىزنى كاپ قىلىپلا چىشلەپ قېچىپتۇ. تولكە بولسا ئۆزىنى توختىتالماي تېيىلغانچە دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، قۇتقۇزۇڭلار! بىراق ئۇنى قۇتقۇزىدىغان كىشى چىقماپتۇ، شۇ چاغدىلا غاز غۇنچە قىزنى قىرغاققا ئەپچىقىپ يەرگە دەسسىتىپ قويۇپتۇ ـ دە:

— رەھمەت قىزچاق، چۈجىلىرىمنى قۇتقۇزۇۋاپسىز، كۆپ رەھمەت، — دەپتۇ غۇنچە قىزغا.

— ئەرزىمەيدۇ، — دەپتۇ غۇنچە قىز بىخەتەر غاز چۈجىلىرى ئۇستىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى ئېلىۋېتىپ.

— بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالغانتىڭىز؟ — سوراپتۇ ئانا غاز.

— مەن بەك كىچىك بولغاچقا ئادەمنى ئۆستۈرىدىغان خاسىيەتلىك دورا ئىزدەپ ماڭغانتىم، بۇ يەردە سېغىزخاننى ساقلاۋاتقان، — دەپتۇ غۇنچە قىز.

— چوقۇم تىلىكىڭىزگە يېتىسىز، — دەپتۇ ئانا غاز، ئۇنىڭ بېشىنى قاناتلىرىدا سىلاپ تۇرۇپ.

شۇ ھامان يەنە بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ، غۇنچە قىزنىڭ بويى يەنە ئۆسۈپ بىر غېرىچ بوپتۇ.

— يەنە ئۆستۇم، يەنە ئۆستۇم، — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ غۇنچە قىز خۇشال بولۇپ.

— ياخشى بولدى، ياخشى بولدى، — دەپ چۇرقىرىشىپتۇ

كېپىنەك ۋە غاز چاقلار.

— بىراق ئەمدى ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۇچالمىغۇدەكمەن، — دەپتۇ يىغلىلا يېتىپ كەلگەن سېغىزخان، — ئۇ دەريادىن قانداق ئۆتەر.

— مەن ئۆتكۈزۈپ قويىمەن، — دەپتۇ ئانا غاز. ئاندىن ئۇ غۇنچە قىزنى ئۇستىگە مىندۈرۈپ، سىلىققىنە ئۈزۈپ كېتىپتۇ. غۇنچە قىز خۇشال ناخشا توۋلاپتۇ:

دوستلىرىم بار كېپىنەك،
مۇشۇك، چاشقان، ئېيىقجان.
قوشۇلغانتى سېغىزخان،
ئەمدى يەنە ئاق غازخان.
مەن نېمانچە بەختىيار،
يايراپ كەتتى تەن ۋە جان.
چوڭ بولۇشنىڭ دورىسىنى،
ئەمدى تاپارمەن قاچان.

غاز بىردەمدىلا قارشى قىرغاققا يېتىپتۇ، ئۇ يەردە بىر پىستە كۆچۈك بىلىق تۇتۇش ئۈچۈن دەرياغا قارماق تاشلاپ ئولتۇرغان ئىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم پىستەجان، — دەپتۇ غاز ئاۋۋال سالام بېرىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام غازخان، — دەپتۇ پىستە جاۋابەن، —

قاياقتا ماڭدىڭلار؟

— مەن بەك كىچىك بولغاچقا چوڭ بولۇشنىڭ دورىسىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقان، — دەپتۇ غۇنچە قىز، — غاز ھەدەم مېنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويدى، سىز خېلى كۆپ بېلىق تۇتقانسىز - ھە!؟

— نەدىكىنى، — دەپتۇ پىستە كۈچۈك، — بىكارچىلىقتا قىلغىلى ئىش يوق بېلىق تۇتقىلى كەلگەن ئىدىم، بىرەر سائەت بولدى، بىر تالمۇ تۇتالمىدىم. بېلىقلارمۇ بەك قۇۋ بولۇپ كېتىپتۇ.

— بۇ يەردە قۇرۇق ئاۋارە بولغىچە، — دەپتۇ ئانا غاز، — بۇ قىزچاققا ئات بولۇپ بەرسەڭچۇ، ئۇ مەنزىلگە تېزرەك يېتىۋالسۇن.

كۈچۈك ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ، ئاندىن غۇنچە قىزنى ئۇستىگە مىندۈرۈپ ئوينىاقشىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئانا غاز بىلەن سېغىزخان ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ قاپتۇ، كېپىنەك ئەگىشىپ ئۇچۇپتۇ.

غۇنچە قىز يەنە ناخشا باشلاپتۇ:

دوستلىرىم بار كېپىنەك،
مۈشۈك، چاشقان، ئېيىقجان.
قوشۇلغان غاز، سېغىزخان،
ئەمدى يەنە پىستەجان.

مەن نېمانچە بەختىيار،
يايراپ كەتتى تەن ۋە جان.
چوڭ بولۇشنىڭ دورىسىنى،
ئەمدى تاپارمەن قاچان.

ئۇلار كېتىۋېتىپ يول ئۇستىدىن بىر ھەميان تېپىۋاپتۇ، ھەمياندا تىللا ـ تەڭگىلەر بار ئىكەن.

— كىم چۈشۈرۈپ قويغاندۇ؟ — دەپتۇ غۇنچە قىز.

— نېمە كارىمىز، — دەپتۇ پىستە كۆچۈك، — ئېلىپ كېتىپ تازا خەجلەيلىچۇ.

— ياق، بولمايدۇ، — دەپتۇ غۇنچە قىز، — خەقنىڭ نەرسىسىنى بىز ئىشلىتىۋالساق بولمايدۇ، ئىگىسىنى تېپىپ قولىغا بېرەيلى، ئۇ مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان بولسا ئالدىمىزغا ئۇچرىشى مۇمكىن.

— شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ كېپىنەكمۇ، — تېپىۋالغان نەرسىنى ئۆزىنى قىلىۋېلىش بەكمۇ ئەخلاقسىزلىق.

— دېگىنىڭلارچە بولسۇن، — دەپتۇ پىستە كۆچۈكمۇ ئىزا تارتىپ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خالتىنى ئېلىپ يولنى داۋام قىپتۇ. بىر چاغلار يول بويىدا ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغان بىر بوۋايغا يولۇقۇپتۇ.

— بوۋا، نېمە بولدىلا، — دەپ ھال سوراپتۇ غۇنچە قىز.

— ئۆمۈر بويى ئاز يەپ، ئاز كىيىپ، تېجەپ يۈرۈپ بىر هەميان تىللا ـ تەڭگە يىغقان ئىدىم. ئەمدى ئۇنىڭغا ئاغرىپ قالغان مومىيىمغا دورا، ئۆيگە ئۇن، ماي ئالاي دەپ بازارغا كېتىۋېتىپ يولدا چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن. شۇڭا هەسرەت چېكىپ ئولتۇرۇشۇم، — دەپتۇ بوۋاي هال ئېيتىپ.

— قايغۇرمىسىلا، — دەپتۇ غۇنچە قىز، — هەميانلىرىنى بىز تېپىۋېلىپ ئالغاچ كەلدۇق.

ئاندىن ئۇ هەميانىنى بېرىپتۇ، بوۋاي خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلىپ:

— ئاللا سىلەرنىمۇ مۇرادىڭلارغا يەتكۈزگەي، — دەپتۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.

شۇ هامان غۇنچە قىزنىڭ بويى ئۆسۈپ ئىككى غېرىچتەك بوپتۇ، خۇشاللىقىدىن:

— يەنە ئۆستۈم، يەنە ئۆستۈم، — دەپ توۋلاپ سەكرەپ كېتىپتۇ.

— ياخشى بولدى، ياخشى بولدى، — دەپ كۈچۈكمۇ خۇشاللىقىدىن ئويناقشىپ كېتىپتۇ، كېپىنەك ئۇسسۇل ئويناپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن غۇنچە قىز بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. بوۋاي ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ قاپتۇ.

غۇنچە قىز يەنە ناخشا توۋلاپتۇ:

دوستلىرىم بار كېپىنەك،
مۇشۈك، چاشقان، ئېيىقجان.
قوشۇلغان غاز، سېغىزخان،
كېيىن قوشۇلغان پىستىجان.
مەن نېمانچە بەختىيار،
يايراپ كەتتى تەن ۋە جان.
چوڭ بولۇشنىڭ دورىسىنى،
ئەمدى تاپارمەن قاچان.

كۈچۈك ئۇنىڭغا جۆر بولۇپ ھاۋشىپتۇ، كېپىنەك ئۇسسۇل ئويناپ مېڭىپتۇ. ئۇلار شۇنداق كېتىۋېتىپ ھېلىقى ئەۋلىياغا يولۇقۇپتۇ. بىراق غۇنچە قىز ئۇنى تونۇماپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇنى كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىغان كىشىدەك ھېس قىلىپ ئۇنىڭدىن سوراش نىيىتى بىلەن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بوۋا، — دەپتۇ سالام بېرىپ ئەدەپ بىلەن، — سىلىدىن بىر ئىشنى سورىسام بولارمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قىزىم، — دەپتۇ ئەۋلىيامۇ سالام قايتۇرۇپ، — نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى سوراڭ.

— بەك كىچىك ئىدىم، — دەپتۇ غۇنچە قىز ھال ئېيتىپ، — چوڭ بولۇشنىڭ دورىسىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقان ئىدىم، ئۇنى نەدىن تېپىشنى تېخى بىلمىدىم، سىلى بىلەرلىمۇ؟

— بىلىمەن، — دەپتۇ ئەۋلىيا كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىراق



سىز ئاۋۋال ماڭا ئاۋۇ دۆڭنىڭ كەينىگە چۈشۈپ قالغان كالىچىمنى تېپىپ ئەپچىقىپ بېرىڭ، ئاندىن ئېيتىپ بېرەي.

غۇنچە قىز خۇشاللىق بىلەن ئۇ كۆرسەتكەن دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كالاچىنى تېپىپ كەپتۇ، ئاندىن چاڭ ـ توزانلارنى سۈرتۈپ پاكىزلاپ، ئەۋلىيانىڭ پۇتىغا كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ.

— رەھمەت قىزىم، مۇرادىڭىزغا يەتكەيسىز، — دەپتۇ ئەۋلىيا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ.

شۇ ھامان غۇنچە قىز يەنە بىر غېرىچ ئۆسۈپ قاپتۇ.

— يەنە ئۆستۇم، يەنە ئۆستۇم، — دەپ توۋلاپ، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ.

پەستە كۆچۈك ھاۋشىپ، ئويناقشىپ، كېپىنەك خۇشاللىقىدىن ئۇسسۇل ئويناپ كېتىپتۇ.

— سىز يەنە دورا ئىزدەپ بارامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەۋلىيا.

— شۇنداق، بوۋا، — دەپتۇ غۇنچە قىز.

— سىز دورىنى ئاللىبۇرۇن تېپىپ بوپسىز، — دەپتۇ ئەۋلىيا كۈلۈپ تۇرۇپ، — شۇڭا بويىڭىز ئۆسۈپ ھازىرقىدەك خېلى چوڭ بولۇپ قالغان، ئەمدى ئۆيىڭىزگە قايتىڭ.

— بىراق مەن ھېچ يەردە ھېچقانداق خاسىيەتلىك دورا يولۇقتۇرمىدىمغۇ، — دەپتۇ غۇنچە قىز ھەيران بولۇپ.

— ئوماق قىزىم، ئويلاپ باقسىڭىز بىلىسىز، — دەپتۇ ئەۋلىيا، ۋە شۇنىڭدىن كېيىن شامالدەك تېزلىكتە كېتىپ قاپتۇ.

غۇنچە قىز بولسا خاسىيەتلىك دورىغا قاچان، قەيەردە ئېرىشكىنىنى بىلەلمەي كۆچۈك بىلەن كېپىنەككە قاراپتۇ، كۆچۈك بىلەن كېپىنەكمۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ئۇنىڭغا قاراپ قاپتۇ، ئەگەر بىر كىم غۇنچە قىزغا بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ قويسا ئاندىن ئۇ ئۆيىگە كېتەلەيدىكەن، كىچىك دوستلار، قېنى قايسىڭلار غۇنچە قىزغا بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ قويالايسىلەر؟

# شەيتان بىلەن يولۇچى

(مەسەل)

يالغۇز سەپەرگە ئاتلانغان يولۇچىغا يول ئۈستىدە بىرى يولۇقۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ساڭا ھەمراھ بولسام، قانداق؟

— سەن كىم؟ — سوراپتۇ يولۇچى.

— مەن شەيتان، — دەپتۇ ھىلىقى كىشى.

— مەن سەن بىللە ماڭمايمەن، — دەپتۇ يولۇچى، — چۈنكى سېنىڭ ئادەملەرنى يامان يولغا باشلايدىغىنىڭ ھەممىگە ئايان، سەن بىلەن بىللە ماڭسام ئاقىۋىتىم ياخشى بولمايدىغىنى ئېنىق.

— بىراق، — دەپتۇ شەيتان، — مەن سېنى يامان يولغا باشلاي دېمىدىمغۇ، پەقەت ماڭغان يۆنىلىشىمىز بىر بولغاچقا ھەمراھ بولايلى دېدىم شۇ، يالغۇز ماڭغاندىن ئىككىيلەننىڭ ھەمراھ بولۇشۇپ ماڭغىنىمىز ياخشىراقتە.

— ياق، — دەپتۇ يولۇچى، — زادىلا سەن بىلەن ھەمراھ بولغۇم يوق.

— ساڭا ھېچ زىيىنىم تەگمەيتتى، — دەپتۇ شەيتان بىزەڭلىك بىلەن، — زېرىكىشلىك ئۇزۇن يولدا ھەمراھ بولۇپ ماڭساق پاراڭ - مۇڭداش بىلەن يول ئازابىنى سەزمەيلا قالاتتۇق.

— گەرچە سېنىڭ ھېچقانداق زىيىنىڭ تەگمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا سەندىن يىراق تۇرغىنىم ياخشى، — دەپتۇ يولۇچى، — قازانغا يولۇققانغا ھامان قارا يۇقىدۇ - دە.

— ئۇنداق دېمە، — دەپتۇ شەيتان يېلىنىپ، — ساڭا ئەسلا يامان نىيىتىم يوق، بەلكى ساڭا نەپ يەتكۈزۈپ قىلىشىم مۇمكىن. قارا، نامراتلىقتىن سەپەر ئۈستىدە مىنىدىغان ئۇلىغىڭمۇ يوق، پىيادە يۈرۈپسەن، ھەمراھ قىلىۋالساڭ بەلكىم ساڭا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىنى كۆرسىتىپ قويۇشۇممۇ مۇمكىن ئىدىغۇ.

— بوپتۇ، بوپتۇ، — يولۇچى ئاخىرى بوشىشىپ، — پەخەس بولۇپ يۈرسەملا دامىڭغا چۈشۈپ كېتىپ، زىيان تارتىپ يۈرمەسمەن.

— مانا بۇ گېپىڭ بولىدۇ، — دەپتۇ شەيتان، — ماڭا ئىشەن، ساڭا ھەرگىز زىيان يەتكۈزۈش ئويىدا بولمايمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەمراھ بولۇشۇپ يۈرۈپ كېتىپتۇ، شەيتان كۆرگەن - بىلگىنى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن ئاغزى بېسىقماي قىزىق - قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ مېڭىپ، يولۇچىغا يول ئازابىمۇ بىلىندۈرمەپتۇ. بەلكى يولۇچىنى: شەيتان بىلەن ھەمراھ بولۇپ ماڭغىنىم ھەر ھالدا ياخشى بوپتۇ، دېگەن ئويغىمۇ

كەلتۈرۈپتۇ.

ئۇلار شۇنداق كېتىۋېتىپ بىر خىلۋەتتە دۇنيادىن بىغەم هالدا خۇرجۇننى بېشىغا قويۇپ ئۇخلاۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپتۇ.

— قارا، — دەپتۇ شەيتان، — ئۇنىڭ بىغەملىكىنى، شۇ تاپتا بىرەرسى بېرىپ، بېشىغا تاش بىلەن بىرلا ئۇرسا ئىش پۈتكىنى، ئۇنىڭ خۇرجۇنى ياخشى ئولجا بولىدۇ ـ دە، خۇرجۇندا ئالتۇن ـ كۈمۈش باردەكلا قىلىدۇ. يىراق ـ يېقىندا ئادەم قارىسى يوق. بۇ ئىشنى هېچكىم كۆرمەي قالغۇدەك.

— يولىمىزغا ماڭايلى، — دەپتۇ يولۇچى، — ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، ئادەم كۆرمىدى دەپ ئەسكى ئىش قىلغان بىلەن هامان ياخشى ئاقىۋەت يوق، سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ يۈرگىنىمىز تۈزۈك.

— مېنىڭ كۆزۈم ئۆتكۈر، — دەپتۇ شەيتان، — خۇرجۇندا راستىنلا ئالتۇن ـ كۈمۈش يامبۇلار بارلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن. شۇنداق خىلۋەتتە، شۇنچە كۆپ بايلىقنى بېشىغا قويۇپ، شۇنداق بىغەم ئۇخلىغانمۇ بارمۇ، بەكمۇ بىغەم ئىكەن. بەلكىم بۇ بايلىقنى بىرەر شاهنىڭ خەزىنىسىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن بولسا كېرەك.

— يولىمىزغا مېڭىشنى بىلەيلى، — دەپتۇ يولۇچى، — ئۇ هېلىلا ئويغىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىزدىن ئورۇنسىز گۇمان قىلىپ يۈرمىسۇن يەنە، بۇ يەردە تۇرۇۋەرمەيلى.

— باي بولۇشنىڭ يولى شۇ تۇرسا، — دەپتۇ شەيتان، — يەنە

كارىمىز بولماي كېتىۋېرىمىزمۇ، مەيلى، بىراق مەندىن ئەمدى رەنجىمىسەڭ بولىدۇ، ساڭا بېيىش يولىنى كۆرسىتىپ بولدۇم جۇمۇ، يۇر ئەمىسە، نامراتلىقىڭچە قېلىۋەر. نامرات بول، باي بول، ماڭا نېمە پايدا، نېمە زىيان، ھەمراھ بولغىنىمىزنىڭ يۈزىدىن شۇنداقلا يول كۆرسىتىپ قويدۇم، شۇ ۋەدەم ئادا بولدى، ئىست، شۇنداق ياخشى پۇرسەت كېلىۋەرمەيتتى ـ دە.

شەيتاننىڭ كاسىلداشلىرى ئاخىرى يولۇچىغا تەسىر قىپتۇ. شۇ ئەمەسمۇ، ــ دەپتۇ يولۇچى ئۆز كۆڭلىدە، ــ شەيتان ماڭا ياخشى نىيەت بىلەن بېيىش يولىنى كۆرسىتىۋاتسا، تەييار ئولجىنى تاشلاپ ماڭغىنىم قانداق بولغىنى. بۇ ئىشنى بىر ئۇنىڭدىن باشقا كىم كۆرەتتى، ياق، ئۇ دېگەن بىر ۋاپاسىز، كېيىن ئۇ باشقىلارغا بۇ ئىشنى ئېيتىپ قويسا قانداق قىلىمەن، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى يولۇمغا ماڭاي، گۆشمۇ يېمەي، چىشمۇ چاقماي.

شۇنداق ئارىسالدىلىق ئىچىدە يولغا مېڭىۋېرىپتۇ. بىراق ئۇزۇنغا بارمايلا بىر ئاچا يولغا دۇچ كەپتۇ.

ــ خەير ـ خوش، ــ دەپتۇ شەيتان، ــ سەپىرىڭگە ئاق يول بولسۇن، سەن ئۇيانغا ماڭغۇدەكسەن، مەن بولسام بۇيانغا ماڭىمەن، كېيىن كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولغاي، شەيتان بىلەن بىللە مېڭىپمۇ ھېچقانداق يامانلىق كۆرمىگىنىڭنى ئەسلەپ تۇرارسەن. بولسا باشقىلارغا ياخشى گېپىمنىمۇ قىلىپ قويارسەن.

— شۇنداق قىلىمەن، — دەپتۇ يولۇچى، — ساغمۇ ئاق يول بولسۇن. سەپىرىمدە ياخشى ھەمراھ بولغىنىڭغا رەھمەت، سىنى ئەسلەپ تۇرىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن شەيتان ئۆيىگە مېڭىپتۇ، يولۇچى ئۆيىگە مېڭىپتۇ. شەيتان كەتسە كېتىۋەرسۇن، يولۇچىمىزغا كېلەيلى، ئۇ يالغۇز قالغىنىدا بىردىنلا قاتتىق ھاردۇق يەتكەندەك بولۇپ، پۇتلىرى ئېغىرلىشىپتۇ، قەدىمى ئاستىلاپتۇ.

«بولدىلا ئارام ئېلىۋالايچۇ» دەپتۇ ئاخىرى ئۆز ـ ئۆزىگە. توختاپ، يول بويىدىكى بىر چوڭ تاشقا موككىدە ئولتۇرۇپتۇ، بىراق تاش ئاپتاپتا قىزىپ كەتكەچكىمىكىن، يەنە ساغرىسى كۆيگەندەك بولۇپ، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ.

«ھېلىقى كىشى يەنە ئۇخلاۋاتامدىكىن، — دەپتۇ ئۇ يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە، — بېرىپ قاراپ باقسامچۇ، يەنە ئۇخلاۋاتقان بولسا ئويغىتىپ قويۇشۇم كېرەكتۇ، سەپەر ئۈستىدە بۇنداق بىغەم ئۇخلاش خەتەرلىكتە.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كەينىگە يېنىپتۇ، نېمىشقىدۇر ئەمدى پۇتلىرى يەڭگىللەپ، قەدەملىرى ئىتتىكلەپ قاپتۇ.

ئۇ تېزلا ھېلىقى كىشى يېنىغا يېتىپتۇ. ئۇ بىر تۈپ توغراق سايىسىدا يەنىلا ھېچنېمىدىن غېمى يوق، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. يولۇچى نېمە قىلىشنى بىلمىگەندەك تۇرۇپ قاپتۇ.

«پۇرسەت، پۇرسەت» شۇ چاغ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە كىمدۇر بىرى شىۋىرلىغاندەك قىپتۇ، ئۇ چۆچۈپ ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ

كېتىپتۇ. بىراق ھېچبىر ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەپتۇ.

ئۇ ئەمدى چاققانلىق بىلەن بىر ياندا تۇرغان يوغان بىر تاشنى ئاپتۇ ـ دە، ئۇيقۇدىكى كىشىنىڭ بېشىغا بار كۈچى بىلەن ئۇرۇپتۇ، ئۇيقۇدىكى كىشىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئۇقتەك قان كېتىپتۇ، بېشى يېرىلىپتۇ، يولۇچى يەنە بىر ئۇرۇپتۇ، تېپىرلاپ جان تالىشىۋاتقان ھېلىقى كىشى ئەمدى تىنچلاپ قاپتۇ.

يولۇچى ئۇنىڭ يانجىلغان بېشى ئاستىدىن قانغا بويالغان خۇرجۇننى ئاپتۇ ـ دە، ئىتتىك ـ ئىتتىك يولغا مېڭىپتۇ، كېتىۋېتىپ خۇرجۇننى ئاختۇرۇپتۇ، راستتىنلا ئالتۇن ـ كۈمۈش يامبۇلار بار ئىكەن.

«ئامەت، ــ دەپتۇ ئۇ كېتىۋېتىپ، ــ ئەمدى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، باياشات ياشايدىغان بولدۇم، ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىم بولىدىغان، باينىڭ چىرايلىق قىزىغا ئۆيلىنەلەيدىغان بولدۇم...»

ئۇ خۇشاللىقىنى ئىچ ـ ئىچىگە سىغدۇرالماي شۇنداق كېتىۋاتقىنىدا بىر توپ چارلامچى لەشكەرگە دۇچ كەپتۇ. ئۇلار شاھ خەزىنىسىگە چۈشكەن ئوغرىنى قوغلاپ ماڭغانلار ئىكەن.

ئۇلار يولۇچىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ قان چاچرىغان كىيىمى ۋە قانغا بويالغان خۇرجۇنى، ئالاقزادە بولۇپ كېتىشلىرىدىن گۇمانلىنىپ قورشاپ تۇتۇپتۇ ـ دە، خۇرجۇننى بويىنىغا ئېسىپ، ئات ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ مېڭىپتۇ.

«ئىسىت، ــ دەپتۇ يولۇچى، پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، ــ شەيتانغا ھەمراھ بولغانىنىڭ كاساپىتى، ئۇنىڭ

سۆزىگە قۇلاق سالمىسام بولماسمىدى.»

شۇ چاغ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە شەيتاننىڭ شىۋىرلىشى ئاڭلىنىپتۇ: «خوپ بولدى، ئەمدى دارغا ئېسىلىشىڭ چوقۇمغۇ، بىراق مەندىن رەنجىشكە ھەققىڭ يوق، مەن سېنى شۇنداق ئەسكى ئىش قىلىشقا زورلىدىممۇ، پەقەت بېيىش يولىنى كۆرسىتىپ قويدۇم، خالاس. بۇ يولدا مېڭىش ـ ماڭماسلىق ئۆزۈڭنىڭ ئىشى ئىدى، ھەممە ئىش ئۆزۈڭنىڭ خاھىشىچە بولدى، بۇنى ئۆزۈڭنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىڭدىن، نىيىتى يامانلىقىڭدىن كۆر، ھۇ ھاماقەت. شۇنى بىلگىنكى ھەقىقىي شەيتان مەن ئەمەس، بەلكى ھەر كىمدىكى نەپسى بالاسى.»

# ئات بىلەن يولۇچى

(مەسەل)

بىر كىشى ئاتلىق سەپەرگە چىققان ئىكەن. بىراق ئېزىپ كېتىپ ئادەمسىز بىر جەزىرىگە كىرىپ قاپتۇ. جەزىرىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ، توختاپتۇ ـ دە، ئېتىنى سويۇپلا گۆشىدە كاۋاپ قىلىپ قورسىقىنىڭ غەلۋە ـ غوۋغاسىنى بېسىقتۇرماقچى بوپتۇ.

ئىگىسىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى بىلىپ قالغان ئات شۇنداق دەپتۇ:

— مېنى ئۆلتۈرمە، قورسىقىڭنىڭ بىردەملىك ئاچلىقىغا چىدا، مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە تېز يۈگۈرۈپ، سېنى بۇ جەزىرىدىن ئېلىپ چىقىپ، يېمەك ـ ئىچمەك تېپىلىدىغان بىر جايغا يەتكۈزۈپ، هايات قالسام يەنە ساڭا كۆپ خىزمەتلەر قىلىمەن.

— بىراق، — دەپتۇ هېلىقى كىشى، — ماڭا هازىر ئەڭ زۆرۈر بولۇۋاتقىنى ئاچلىق ئازابىدىن قۇتۇلۇش، جەزىرىدىن چىقىپ كېتىشتە بولسا ئەلۋەتتە بىر جۈپ پۇتۇم بولغاندىكىن بىر گەپ بولار، كېيىنكى خىزمەتلىرىڭنى بولسا تېخىمۇ

ئويلىغۇچىلىكىم يوق.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپلا ئاتقا پىچاق ساپتۇ، ئۆلتۈرۈپ سويۇپ، گۆشىنى پىشۇرۇپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ، نەپسى ئارام تېپىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىككى پۇتىغا تايىنىپ، يولنى داۋام قىپتۇ، لېكىن ئەمدى سەپىرى بەكمۇ جاپالىق ۋە ئاستا بوپتۇ، ئاخىرى جەزىرىدىن مېڭىپ چىقىپ كېتىشكە قۇربى يەتمەي، قاتتىق ھارغىنلىق ۋە ئاچلىق سەۋەبىدىن يىقىلىپ قاپتۇ ـ دە، كۆپ ئۆتمەي، مەڭزىلىرىدە پۇشايمان ياشلىرى لىغىرلاپ تۇرغان ھالەتتە مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ.

ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەر باركى كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتىنى دەپ نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، كەلگۈسىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئاقىۋەت ئورنىنى تولدۇرغۇسىز زىيانلار تارتىپ، پۇشايمان ۋە ھەسرەت ـ نادامەتتە قالىدۇ.

# ئىت بىلەن بۆرە

(مەسەل)

سەپەردىكى يولۇچى يول بويىدا ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن بىر بۆرە ئىتقا يولۇقۇپتۇ ـ دە، ئىچ ئاغرىتىپ ئۆزىگە ئېلىۋالغان يېمەكلىكلەردىن بېرىپتۇ، ئىت قورسىقى تويۇپ ماغدۇرىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىپ، قاياقلارغىدۇر كېتىپ قاپتۇ، يولۇچىمۇ يولىنى داۋام قىپتۇ.

ھېلىقى ئىت ئۇيان ـ بۇيان قاتراپ يۈرۈپ بىر ئورمانلىققا كىرىپ قاپتۇ ـ دە، بۇ يەردە يەككە ـ يېگانە تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىر بۆرىگە يولۇقۇپتۇ، بۆرىنىڭ رەڭگى ۋە تۇرقى ـ سىياقى بەئەينى ئىتقىلا ئوخشايدىكەن.

ـــ سەنمۇ ئىتمۇ؟ ـــ سوراپتۇ ئىت.

ـــ ياق، مەن بۆرە، ـــ دەپتۇ بۆرە، ـــ سەن ئىت ئوخشىمامسەن؟

ـــ شۇنداق، ـــ دەپتۇ ئىت.

ـــ ياخشى، ـــ دەپتۇ بۆرە، ـــ ئىككىمىز بەكلا ئوخشىشىپ

قالىدىكەنمىز، شۇڭا بىز دوست بولايلى، ھەمكارلىشىپ ئوۋ ئوۋلىساق ئاسانراق ئولجىغا ئېرىشىمىز.

بۇ چاغدا ئىتنىڭ قورساقلىرى يەنە ئېچىپ، غولدۇرلاپ كەتكەن ئىكەن، بۇ تەكلىپ ئۇنىڭغا بەكلا يېقىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىللە ئولجا ئىزدەشكە مېڭىپتۇ. بىراق ھېچنەرسە ئۇچرىماپتۇ، ئۈمىدسىزلىنىپ، تۇرۇشقان بىر مەھەلدە يىراقتىن بىر ئادەم قارىسى كۆرۈنۈپتۇ.

بۆرە خۇشال بولۇپ:

— مانا ئولجا ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىۋېتىپتۇ. بىراق ئۇ ئاسانلىقچە بىزگە يەم بولۇشقا رازىلىق بەرمەسلىكى مۇمكىن، شۇڭا ئىككىمىز تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلايلى، ئىشنى تېزرەك پۈتكۈزەيلى، — دەپتۇ ئىتقا.

ئىت گەرچە شۇ چاغقىچە ئادەم گۆشى يەپ كۆرۈش تۇگۇل يېيىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ تاپتا بۆرىنىڭ گېپىگە كىرمىسە ئاچ قېلىشنى ئويلاپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۆرە ئىتقا ئالدى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى تاپىلاپ، ئۆزى ئاستا ئايلىنىپ يولۇچىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئىت ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئادەم ئوۋلاشقا ئاتلىنىپتۇ - دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. بىراق يېقىنلاشقاندا بولسا بىردىنلا توختاپ قاپتۇ، چۈنكى ئۇ ئوۋلىماقچى بولغان ئولجا دەل

ئۆزىگە ئوزۇقلۇق بېرىپ، ئاچلىقتىن، ئۆلۈش گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ قويغان ھېلىقى يولۇچى ئىكەن.

شۇ چاغدا بۆرە يولۇچىنىڭ كەينىدىن چاڭ ساپتۇ، بۆرىنىڭ زەربىسىدىن يولۇچى يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭ شۇ چاغدا بۆرىدىن قوغدىنىشقا ھېچقانداق قورالى يوق بولۇپ، قۇرۇق قول ئېلىشسا يەم بولماقتىن باشقا ئاقىۋەت كۆرمەيدىغىنى ئېنىقلا ئىكەن.

بىراق يولۇچى شۇنداق خەتەرلىك ھالدا تۇرغىنىدا ئىت بىردىنلا بۆرىگە توۋلاپتۇ: «توختا، ئۇنىڭغا چېقىلما.»

بۆرە ھەيرانلىق بىلەن «نېمىشقا» دېگەندەك قىلىپ ئىتقا چەكچىيىپتۇ.

— ئۇ مېنى بىر قېتىم تويغۇزۇپ، ئاچلىقتىن قۇتقۇزۇۋالغان. ئۇ شۇنداق ياخشىلىق قىلغان تۇرسا ۋاپاغا جاپا قىلىپ ئۇنىڭ ھاياتىغا زىيان يەتكۈزسەم بولمايدۇ.

— ھاماقەت، — دەپتۇ بۆرە، — بىز ئۇچۇن ھازىر ئەڭ مۇھىمى يەنىلا قورساق تويغۇزۇش، ۋاپاغا ۋاپا قىلىمەن دېگەن بىلەن قورسىقىڭ ۋاپادارلىق بىلەن تويامتى، مەن ئاسانلا ئېرىشىدىغان ئولجىدىن ۋاز كەچمەيمەن، يەنە كېلىپ ئۇ بىزنىڭ بىرنەچچە كۈن ئوزۇق قىلىشىمىزغا يېتىدۇ.

ئىت ئۇنىڭ نومۇسسىزلارچە سۆزىنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلىنىپ، بۆرىگە ئېتىلىپتۇ. بۆرىمۇ نائىلاج يولۇچىنى

تاشلاپ، ئىتقا تاشلىنىپتۇ، قاتتىق سوقۇشۇپ كېتىپتۇ، يولۇچىمۇ قاراپ تۇرماپتۇ ـ دە، بىر تال شاخنى سۇندۇرۇۋېلىپ، بۆرىنى دۇمبالاپتۇ، بۆرە ئاخىرى ھالسىراپ جېنىنى ياقىغا ئېلىپ، قېچىشقا مەجبۇر بوپتۇ، يولۇچى بولسا ياخشىلىققا ياخشىلىق ئويلىغان ۋاپادار ئىتنى ھەمراھ قىلىپ يولىنى داۋام قىپتۇ.

بۇ ۋەقەدىن مەلۇمكى تۇرقى ـ سىياقى ئوخشىغانلارنىڭ نىيىتى ۋە پەزىلىتىمۇ ئوخشاش بولۇشى ناتايىن، ئۇلارنىڭ ئەسلى ئىش ـ ھەرىكىتىگە قاراپ ياخشى ـ ياماننى ئايرىغان تۈزۈك.

# ئىشەنچلىك كاپالەت

(مەسەل)

ئورمانلىقتىكى كۆلدە ئويناقشىپ ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارنى كۆرگەن بىر بۆرە بىرنەچچە تال تۇتۇپ مەززە قىلماقچى بوپتۇ ـ دە، كۆل لېۋىگە يېقىنلاشقان بىر تال بېلىققا چاڭ سېپتۇ. بىراق كۆل بويىنىڭ يانتۇلىقى يۇقىرىراق ھەم تېيىلغاق بولغاچقا بېلىقنى تۇتالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بىر توپ بۇغا بۇ كۆل بويىغا سۇ ئىچكىلى كېلىپ قاپتۇ ـ دە، كۆل ئىچىدە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قىرغاققا يامىشىپ چىقىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بۆرىنى كۆرۈشۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىرغاققا چىقىۋالايلا دەپ قالغان بۆرىنىڭ بېشىغا قاتتىق تۇياقلىرى بىلەن تېپىپ، ئۇنى يەنە كۆلگە چۈشۈۋېتىپتۇ.

ــ رەھىم قىلىڭلار، ــ دەپتۇ بۆرە يېلىنىپ، ــ مېنىڭ بەكمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەرغۇ.

ــ ساڭا نېمىشقا رەھىم قىلغۇدەكمىز، ــ دەپتۇ بۇغىلار، ــ

سەنمۇ مۇشۇ چاغقىچە بىرەر قېتىم بىزگە رەھىم قىلىپ باقتىڭمۇ، ياق، دەل ئەكسىچە نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنى يىلىنىش ۋە نالە ـ پەريادىغا قارىماي يەپ كەتتىڭ، بۇ قىلمىشلىرىڭ ئېسىڭدىمۇ؟

ـــ گۇناھىمنى تونۇيمەن، ـــ دەپتۇ بۆرە يەنە يالـۋۇرۇپ، ـــ ئەمدى ھەرگىز بۇغىلار جەمەتى ئەزالىرىغا قەتئىي چېقىلماسلىق، ئۇلارنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى بۇزماسلىق ھەققىدە كاپالەت بېرىمەن، مېنى بۇ كۆلدىن چىقىۋالغىلى قويساڭلار.

ـــ بولمايدۇ، ـــ دەپتۇ بۇغىلارنىڭ يولباشچىسى، ـــ بىز تاكى سەن كۆل سۈيىگە غەرق بولۇپ ئۆلگىچە، بۇ يەردىن كەتمەيمىز، سېنى بوش قويۇۋېتىش ئۆز جېنىمىزغا قەست قىلىش بىلەن باراۋەر، سېنىڭ ئېغىزىڭدىكى قۇرۇق كاپالەتتىن كۆرە، يوقالغىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىمىز ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەت.

# قاغا بىلەن قارا قۇشقاچ

(مەسەل)

— قەدىرلىكىم، ماڭا قارىغىنە، — دەپتۇ، قاغا ئۆزى بىلەن بىر شاختا تاسادىپىي بىللە ئولتۇرۇپ قالغان قارا قۇشقاچقا، — ئىككىمىزنىڭ بوي - بەستىنى دېمىسە باشقا تەرىپىمىز خېلىلا ئوخشاش، دېمەكچى، ھەر ئىككىمىزنىڭ پەر - قاناتلىرىمىز ئوخشاشلا قاپقارا ۋە كۆرۈمسىز، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر كىشىلەر سېنى يامان كۆرمەيدىكەن، تېخى ھويلا ۋە باغلىرىدىكى دەرەخلىرىدە سەن ئۈچۈن ئۇۋا ھازىرلاپ قويۇشىدىكەنۇ، مېنى بولسا دائىم «شۇم قاغا»، «توك قاغا» دەپ تىللىغىنى تىللىغان، تېخى بىرەر دەرەخ شېخىغا قونۇپ، ئۆز خۇشلۇقۇم ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپلا سالدىمۇ، دەرھال تاش - چالما ئېتىشىپ قوغلىغىنى قوغلىغان، بۇ خەق بىزگە نېمانچە تەڭسىز مۇئامىلە قىلىشىدۇ - ھە؟

— بەلكىم شۇنداقتۇ، — دەپتۇ قارا قۇشقاچ، — مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇكى، مەن بولسام زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىپ بولسىمۇ ئۇلارغا ئاز - تولا خىزمەت قىلىمەن، سەن بولساڭ

«ناخشا» ئېيتتىم دەپ، قولاققا يېقىمسىز، سەت قاقىلداشلىرىنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزغىنىڭ بۇزغان. شۇنداق بولغاندىكىن رەڭگىمىز ئوخشاش بولغىنى بىلەن ئۈچرايدىغان مۇئامىلىمىز ئوخشاش بولماسلىقى تەبىئىي. بۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەك.

قاغا بىلەن قارا قۇشقاچنىڭ سۆھبىتىدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، بىر كىشىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئاتاققا قېلىشى، ياخشى ياكى يامان مۇئامىلىگە ئۇچرىشى ئۇنىڭ قىلمىشىنىڭ باشقىلارغا پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولۇشىغا باغلىق بولىسا كېرەك.

# ئېسىل تاش ھەققىدە مەسەللەر

## (1) بايقىلىش

— ۋاھ! بۇنىڭ سىرتى كۆرۈمسىز بولغىنى بىلەن، يونۇپ - تاراشلاپ كەلسەم چوقۇم ئېسىل گۆھەر تاشقا ئايلىنىشى مۇمكىن، — دەپتۇ تاشچى ئۇستا ئۇنى تاش مەيدانىدا ئۇچراتقىنىدىن كېيىن خۇرسەن بولۇپ.

خۇداغا شۈكۈر، — دەپ ئويلىدى سىرتى مۇدۇر - چوقۇر، كۆرۈمسىز، ئۇزاقتىن بېرى ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەي تاشلىنىپ ياتقان ھېلىقى تاش، — «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر» دېگەندەك مەندەك ئېسىل تاشنىڭ قەدرىنىمۇ ئاشۇ تاشچى ئۇستا بىلدى، بولمىسا شۇنچە يىل بۇ يەردە تاشلىنىپ يېتىپتىمەن. بۇ يەرگە كەلگەن - كەتكەن كۆزى بارلارنىڭ ھەممىسى كۆرگەن. ھەتتا مەن بەزىلىرىنىڭ پۇتىغىمۇ پۇتلاشقان بولمىسا، لېكىن «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەن شۇدە.

## (2) تاراشلىنىش

— ۋايجان! مېنى نېمانچە قىينايدىغانسەن، ھە؟ — دەپ قاقشاپ كەتتى ھېلىقى تاش ئۆزىنى يونۇۋاتقان ئويمىكارلىق پىچىقىغا.

— زارلانما، — دېدى ئويمىكارلىق پىچىقى، — سېنى مۇشۇنداق يونۇپ تاراشلىمىسام قانداق قىلىپ ئېسىل گۆھەر تاشقا ئايلىنالايسەن.

ساپ ئالتۇنمۇ ئەسلىي تاغلاردىكى رۇدا تاشلار ئىچىدە بولىدىكەن. كىشىلەر رۇدىنى ئوتقا سېلىپ، ئېرىتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئالتۇن كېرەكسىز داشقاللاردىن ئايرىلىپ چىقىدىكەن، ئەگەر ئۇ ئوتتىن قورقسا قانداقمۇ رۇدا داشقاللىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزىنى نامايان قىلالىسۇن.

— چۈشەندىم، — دېدى تاش زارلىنىشتىن توختاپ، — مېنى ئېسىل گۆھەر تاشقا ئايلاندۇرالايدىغانلا بولساڭ يونۇساڭ يونۇۋەر. ئەمدى سەندىن ئاغرىنمايمەن. «جاپا تارتمىغىچە ھالاۋەت يوق» دېگەن شۇ بولسا كېرەك.

پىچاق ئۇنى يونۇدى، تاشچى بولسا باشقا ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى بىلەن يەنە ئۇنى سىلىقداپ پارقىرىتىۋەتتى، ئاخىرى ھېلىقى تاۋۇزدەك چوڭلۇقتىكى كۆرۈمسىز تاش يونۇش - سىلىقلاشلاردىن كېيىن چوڭلۇقى يوغانراق ئالمىدەك، ئەمما

تولىمۇ سىلىق، پارقىراق ئىپسىل قاشتېشىغا ئايلاندى.

— قارا، — دېدى پىچاق چېچىلىپ ياتقان، يونۇپ چىقىرىۋېتىلگەن تاش پارچىلىرىنى ئىما قىلىپ، — ئاشۇ كېرەكسىز نېمىلەردىن قۇتۇلۇپ، مانا ھەقىقىي گۈزەللىكىڭ، ئىپسىللىقىڭ نامايان بولدى.

— «ئەسكى چاپان ئىچىدىمۇ ئادەم بار» دېگەن شۇ، — دېدى تاشچى ئۇستىمۇ زوقلىنىپ.

## (3) دامغا چۈشۈش

تاشچى ئۇستا ئۇنى ئۆز ئۆيىدىكى ئەتىۋارلىق بۇيۇملار ئىشكاپىغا قويۇپ قويدى. كۆڭلىدە بۇ ئىپسىل تاشنى كېيىنچە مال تونۇيدىغان بىرەر ياخشى خېرىدار چىقسا يۇقىرى باھادا سېتىپ، ياكى نەپىس ئويما ھۈنەر ـ سەنئەت خام ماتېرىيالى قىلىشنى دىتلاپمۇ قويدى. لېكىن ئىشنىڭ ئالدىراشلىقىدىن نەچچە كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا قارىغۇدەك ۋاقتى بولمىدى. ئەمدى ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا ئىدى. ھېلىقى ئىپسىل تېشىمىزغا بولسا نەپىس بۇيۇملار ئىشكاپىغا ئىلگىرىدىن تىزىپ قويۇلغان بىرنەچچە تاش ئويما بۇيۇم بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئۇلار سۈپىتى ناچارراق قاشتېشىدىن ئويۇلغان بولغاچقا، ئۆزۈندىن بېرى خېرىدار چىقماي تۇرۇپ قالغان ئىدى. مانا ئەمدى ئىپسىل قاشتېشى ئالدىدا ئۇلارنىڭ

ناچارلىقى تېخىمۇ چاندى. شۇڭا ھەممىسى ئۆز كۆڭلىدە، ئۇنى بۇ يەردىن تېزرەك يوقىتىش كېرەك، دېگەن شۇم نىيەتكە كېلىشتى ـ دە، مەسلىھەتلىشىۋالدى.

ــ ۋاھ! ــ دېيىشتى ئۇلار ئۇنىڭغا زوقلىنىپ، ــ سەن نېمانچە سىلىق، سۈزۈك، پارقىراق ـ ھە، خۇددى قوي مېيىدا مايلاپ قويغاندەك ... سېنى سېتىۋېلىشقا ھېچكىمنىڭ قۇربى يەتمىگەن بولسا كېرەك، دېمىسىمۇ سەندەك ئېسىل تاشنىڭ باھاسىغا ئانداق ـ ماندىق كىشىلەر چىقىنالمايدۇ ـ دە ... سەن ئەسلىدە شاھ ئوردىسىدىكى شاھانە ئىشكاپلاردا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىشقا مۇناسىپ، ئۇ يەردىكى ئىشكاپلارنى مۇنداق ئاددىي ياغاچلاردىن ياسالغان دەمسەن، ياق، ئۇلار چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلىنغان ئەڭ ئېسىل ياغاچ ماتېرىياللاردىن ئەڭ ئۇستا ياغاچچىلارنىڭ قولى بىلەن ياسىلىپ، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، ئەگەر ئۇ يەردە بولۇپ قالساڭ ئاشۇ ئالتۇن ھەللىك شاھانە ئىشكاپلاردا، خاس ئالتۇن تەگلىك ئۇستىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئېسىللىقىڭنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ تۇرغان بولاتتىڭ، ئۆز قىممىتىڭگە لايىق ئورۇن شۇ ئىدى، ئەپسۇس، بۇ يەردە سىرلىرى چۇشۇپ، كونىراپ كەتكەن ئەبجەق ئىشكاپتا تويا ـ چاڭغا مىلىنىپ تۇرىسەندە، ئىستەي، ئىسىت، «مىس ئۇزۇككە ئالماس كۆز» قويۇلغاندەك بىر ئىش بولدىغۇ بۇ ئۆزى...

ئېسىل تاش ئۇلارنىڭ ھەم ماختاپ، ھەم ئېچىتىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېرىپ، ئاخىرى تاشچى ئۇستىنىڭ بۇ ئاددىي

ئىشكاپىدىن بىزارلىق ھېس قىلدى ـ دە، ئۆزىگە مۇناسىپ «شاھانە ئىشكاپ»قا تىزىلىشنى، ئالتۇن تەگلىك ئۇستىدىن ئورۇن ئېلىشنى خالاپ قالدى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا سىزىپ بەرگەن بەڭگىنىڭ خىيالىدەك بىر مەنزىرە تەسۋىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى.

## (4) قېچىش

«كەت، تېزرەك بۇ ھەممە يېرىدىن توپا يېغىپ تۇرىدىغان كونا ئۆيدىن كەت، ئەبجەق ئىشكاپتا ‹مىس ئۇزۇككە قويۇلغان ئالماس كۆز› دەك تۇرماي، ئۆزۈڭگە مۇناسىپ ئورۇن تاپ!» ئۇ ئۆزىگە شۇنداق خىتاب قىلدى ـ دە، بىردىنلا جان كىرىپ قالغاندەك ئۆزىنى توككىدە يەرگە تاشلىدى، ئاندىن ھېچنېمىگە قارىماي دومىلاپ، دومىلاپ ئىشىكى ئوچۇق قالغان ئۆيدىن چىقتى. ھويلا ئېمىنىڭ ئىت ـ مۈشۈكلەر كىرىپ چىقىدىغان بىر تۆشۈكى ئارقىلىق تالاغىمۇ چىقتى، ئاندىن ئۇ شاھ ئوردىسىدىكى شاھانە ئىشكاپ ۋە ئالتۇن تەگلىكنى ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلاندى.

— ئۆزىنى بىلەلمىگەن ئەخمەق، ئەمدى نېمە كۈنلەرنى كۆرەر، — دەپ كۇلۇشۇپ قالدى ھەمراھلىرى ئۆيدىكى ئىشكاپتا تۇرۇپ.

— ئەقىل بىلەن ئىش قىلماي خام خىيالغا بېرىلىپ كەتتى ـ دە، — دەپ ئېغىر تىنىپ قالدى ياغاچ ئىشكاپمۇ غىچىلداپ.

## (5) ئاقىۋەت

شۇ چاغ تۇن يېرىمى ئىدى، كىشىلەر ھەممىسى ئۆز ئۆيلىرىدە شېرىن ئۇيقۇدا بولغاچقا، ئېسىل تېشىمىز تاشلىق يولدا بىمالال دومىلاپ كېتىۋەردى. ئۇچرىغان لالما ئىتلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پەقەتلا كارى بولمىدى. بەزىلىرى بولسا پۇراپ بېقىپ، يەيدىغان نەرسە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بەردى، ئېسىل تاش شۇ ھالدا ھەممە يوللاردا بىر قېتىم دومىلاپ چىقتى. لېكىن شاھ ئوردىسىنى تاپالمىدى. بەلكى بىر چاغلار يول ياقىسىدىكى بىر تاشلاندۇق قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى. قۇدۇق ئەخلەت بىلەن يېرىمغىچە تىنىپ قالغان قۇدۇق ئىدى.

بۇ يەردىن چىقىپ كەتسەم بولاتتى، دەپ ئويلىدى ئۇ تىت - تىت بولۇپ، بىراق ھەر قانچە تىرىشىپ - تىرمىشىپ قۇدۇقتىن چىقىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى.

ھېچقىسى يوق، — دەپ تەسەللى بەردى ئۇ ئاخىرى ئۆز - ئۆزىگە، — تاڭ ئاتقاندا ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن مېنى كۆرۈپ قالغۇچىلار دەرھال مېنى بۇ يەردىن قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كېتىدۇ.

بىراق ئەتىسى ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى، قۇدۇققا ئەخلەت تۆككىلى كەلگەنلەر ئۇنى كۆردىيۇ، لېكىن پەرۋا قىلماستىن كېتىپ قېلىشتى.

ئۇ: «ھەي كۆزى كورلار. مەن دېگەن گۆھەر تاش، مېنى قوتقۇزۇڭلار» دەپ توۋلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئاڭلىمىدى. شۇ ئەمەسمۇ، ئىنسانلار قانداقمۇ بىر تاشنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالسۇن، قۇلاق سالسىمۇ نېمىنى چۈشەنسۇن.

تاش تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندى، قېرىشقاندەك ئۇنىڭ ئېچىغان، سېسىغان، چىرىگەن ئەخلەتلەر ئۈستىگە چۈشۈپ قالغىنى يەتمىگەندەك ئۈستىگە يەنە يېڭى ئەخلەتلەر تۆكۈلۈۋاتاتتى.

— قارىغىنە ماڭا، — دېدى ئۇ ئاخىرى ئۈستىگە تۆكۈلگەن ئەخلەتلەر ئىچىدىن ئىرغىپ چىقىپ، ئەخلەت ئارىسىدىكى بىر ئەينەك پوچۇقىغا، — شۇنداق ئېسىل بىر گۆھەر تاش تۇرسام، ئەخلەت تۆككۈچىلەرنىڭ كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئېلىۋالمىغىنى نېمىسى.

— ھا! ھا! ... — كۈلۈپ كەتتى ئەينەك پوچۇقى، — قەيىرىڭ ئېسىل گۆھەر تاشقا ئوخشايدۇ ـ ھە؟ قاراپ باقە ئەپتىڭگە.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ، ئالدى يۈزىنى تاشقا توغرىلاپ تىكلەندى، ئۇنىڭ يۈزىدە تاشنىڭ ئەكسى كۆرۈندى.

— ياق، ياق! بۇ مەن ئەمەس، — دەپ توۋلىۋەتتى تاش، ئۇ ئەينەكتە ئۆزىنى ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ، زېدىلىنىپ كەتكەن، ئەسلىدىكى سىلىق ـ پارقىراقلىقىنى يوقاتقان، لاي ـ پاتقاقلار يېپىشىپ، كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن بىر ئادەتتىكى تاشنى كۆرگەن ئىدى.

— سەن شۇ بولماي كىمتىڭ؟ — دېدى پوچۇق ئەينەك

مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا قۇدۇقتا يەنە بىر هارۋا ئەخلەت تۆكۈلدى، تاش ئەمدى هەرقانچە كۈچىسىمۇ چىقالمىغۇدەك كۆمۈلۈپ قالدى ـ دە: «ئىسىت، ئاشۇ تاشچىنىڭ ئاددىي ئىشكاپىدا تۇرۇۋەرسەم بولماسمىدى، پەقەت ئۇلار قەدىر ـ قىممىتىمنى بىلگەن ئىدى ئەمەسمۇ» دەپ هەسرەتلىك تىنىپ قالدى، شۇنىڭدىن كېيىن جىمىپلا قالدى.

# ئاچ كۆزنىڭ ئاقىۋىتى

(چۆچەك)

يىراق بىر زامانلاردا، ئىسمى نامەلۇم بىر شەھەرگە بوي ـ بەستى ئاجايىپ زور ۋە ئېگىز بىر گىگانت ئادەم ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىكەن. تاغدەك يوغان قامىتىگە تۇشلۇق كۈچ ـ قۇدرىتىمۇ زور ئىكەن، شۇڭا ئۇ دائىم كۈچ ـ ھەيۋىسىگە تايىنىپ ئاددىي شەھەر خەلقىنى تۈرلۈك ـ تۈمەن خىل ئالۋان ـ ياساق، باج ـ سېلىقلار بىلەن قىينايدىكەن. شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بولسا ئۇنىڭ زۇلمى سەۋەبلىك كۈنسېرى خارابلاشماقتا ئىكەن. ھېچكىم قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن يۈرەلمەيدىكەن.

گىگانت شاھ شۇنداق ئاچ كۆز ئىكەنكى، بىرەرسىدە تېرىقتەك بولسىمۇ ئالتۇن بارلىقىنى بىلىپلا قالسا ھەسسىلەپ ئالۋان قويۇپ ئېلىۋالمىغىچە، يا بىرەرسىدە بىرەر تال گۆھەر تاش بارلىقىنى ئۇقۇپلا قالسا زورلۇق بىلەن تارتىۋالمىغىچە ئارام تاپمايدىكەن، مال ـ دۇنياغا زادىلا كۆزى تويمايدىكەن.

زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق ئاخىرى ئىسيان يولىغا مېڭىپتۇ،

بىراق پادىشاھنى يوقىتالماپتۇ، بەلكى ئۆزلىرىدىن نۇرغۇن كىشى چىقىم بوپتۇ. چۈنكى گىگانت شاھ ھەر قەدەم ئالسا تاپىنى ئاستىدا ئونلاپ ئادەم مىجىلىپ جان بېرىدىكەن، نەچچىلىگەن ئۆي - جاي توپىغا ئايلىنىدىكەن.

نائىلاج قالغان خەلق ئاخىرى بۇ شەھەرنى تەرك ئېتىپ چەت - ياقا يۇرتلارغا كەتمەك بوپتۇ، بىراق كۆپلىرىنىڭ يا ئوزۇق - تۈلۈكتىن ياكى خىراجەتتىن بېشى قېتىپتۇ، بارغان يېرىدە قانداق تىرىكچىلىك قىلىش غېمى تېخى قىيناپتۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ تىغ جېنىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغان ئىكەن.

شۇ شەھەردە يەنە ئەل كۆزىدىن خالىي ئارامگاھىدا تائەت - ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تەقۋادار زاھىت بار ئىكەن. ئەلنىڭ پاراكەندىچىلىكى ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ، ئەلنىڭ نالە - زارىدىن تەسىرلىنىپتۇ، ئاخىرى جايىنامازدىن تۇرۇپتۇ - دە، بەك ئاق كۆڭۈللۈكىدىن گىگانت شاھقا نەسىھەت قىلىپ، زۇلۇم - ستەمدىن قول ئۈزدۈرۈش ئۈمىدىدە ئوردىغا قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئوردا دېگىنى ئەسلىدە شەھەر سىرتىدىكى كەڭ دالا بولۇپ، ئاجايىپ زور بىر قورام تاشنى تەخت قىلىپ، بېشى بۇلۇتقا تاقاشقان ھالدا ھېلىقى گىگانت شاھ گىدىيىپ ئولتۇرىدىكەن. ئالدىدا ياساۋۇل غالچىلىرى قول باغلاپ ئىككى رەت بولۇپ

تۇرۇشقان ئىكەن. گىگانت شاھقا لايىق ئىمارەت سېلىش مۇمكىن بولمىغاچقا ئۇ مۇشۇ دالىنى ئۇردا قىلىۋالغان ئىكەن.

زاھىت گىگانت شاھ ئالدىغا بارغىنىدا ئۇنىڭغا قارايمەن دەپ سەللىسى كەينىگە چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن نەچچە ئون قەدەم چېكىنىپ تۇرۇپ، گىگانت شاھقا سالام بېرىپتۇ. ئاندىن مۇبارەك لەۋلىرىدىن نەسىھەت دۇردانىلىرى تۆكۈشكە باشلاپتۇ:

— ئەي ھەيۋىسى ئالەمدە تەڭداشسىز پادىشاھ ئەزەم، — دەپتۇ ئۇ، — پۇقرالار ھەددىدىن زىيادە ئالۋان - سېلىقلار تۈپەيلى خانىۋەيران، خارۇ زار بولۇپ، ياقا يۇرتلارغا قاچماق كويىدا يۈرمەكتە. تۆت تامسىز ئىمارەت بولماس، خەلقسىز پادىشاھلىق بولماس، بولسىمۇ قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپلىق قىلغانچە بولۇر، ھېچنەرسىگە ئەرزىمەس، نەچچە زاماندىن بېرى قىلغان - ئەتكەنلىرىڭ يېتەر، ئەمدى ئەلگە مېھرىبانلىق قىلماق ۋاقتىدۇر، ئالۋان - سېلىقلارنى ئازايتماق زۆرۈردۇر. خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلماقلىرى ئۈچۈن ئىمكان كېرەكتۇر، ئۇلار ھەممەت - شاپائەتلىرىڭىز سايىسىدە ياشاپ قالسۇن، تۇغۇلغان يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلمىسۇن، دۆلىتىڭىز شۇندا گۈللەپ - روناق تاپقاي.

زاھىتنىڭ سەمىمىي نەسىھەتلىرىگە گىگانت شاھ

مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ، گۈلدۈرمامىدەك دەھشەتلىك ئاۋازى قۇلاقنى يارغىدەك جاراڭلاپتۇ:

ــ ئەي بىئەقىل دەرۋىش، ــ دەپتۇ ئۇ، ــ ئەلنىڭ ئالۋان ـ ياساقلارنى ئورۇندىمىقى، باج ـ سېلىق تاپشۇرمىقى قايسى ئەل، قايسى زاماندا بولمىغان ئىشتۇر، قايسى شاھ ئۇنىڭدىن كەچكەندۇر، ئەگەر تەقۋادار زاھىتلىقىڭنى دېمىگەن بولسام بىر چىۋىننى ئۆلتۈرگەنچە مىجىپ تاشلار ئىدىم، نادانلىق بىرلە ئۇلۇغلارغا نەسىھەت قىلماق بولغان ھاماقەتلەرگە ئىبرەت قىلار ئىدىم، ئامان قالاي دېسەڭ دەرھال كۆزۈمدىن يوقال.

زاھىت جاننى ئالىقانغا ئېلىپ يەنە شۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەي شاھ، ياخشى سۆزنى ئاڭلىمىدىڭ قۇلىقىڭ گاس، ئەلنىڭ ھالى خارابلىقىنى كۆرمىدىڭ كۆزۈڭ كور، قىلمىشىڭنىڭ يامانلىقىنى بىلمىدىڭ ئەقلىڭ يوق ئىكەن، ھېلىھەم تەگرىدىن تىلەيمەنكى ساڭا ئىنساب ئاتا قىلغاي، ئەلگە زۇلۇم قىلىشۋەرمە، ھەرنە مۇرادىڭ بولسا تەڭرى ھاسىل قىلغاي.

گىگانت شاھنىڭ قۇيقا چاچلىرى غەزەپتىن تىك تۇرۇپ كېتىپ ھۆركىرەپتۇ.

ــ ئەي تىلى قۇرۇغۇر زاھىت، قايسى ھالىڭغا مېنى ھاقارەتلەشكە جۈرئەت قىلدىڭ، ئەمدى بېشىڭغا كۈلپەت بازغىنى بىلەن شۇنداق ئۇرايكى، تېنىڭ تىرىقتەك چېچىلسۇن.

شۇ سۆز بىلەن تەڭ زاھىتنى ئۆلتۈرمەككە ھازىرلىنىپتۇ، زاھىت بولسا تەمكىنلىك بىلەن يەنە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي زالىم، ئۆمرۈمدە ھېچ جاندارغا ئازار قىلمىغان، ھېچكىمەرسىگە يامانلىق تىلىمىگەن ئىدىم، ھېلىھەم شۇنداق قىلۇرمەن، مېنى قەتلى قىلساڭ قىلغۇر، ئەلگە ئازار قىلما.

گىگانت شاھ دەپتۇ:

— ئەي مەجنۇن زاھىت، ئەجەل سايىسىدە تۇرۇپمۇ يەنە چوڭ سۆزلەرسەن، قېنى كۆرەيكى قانداق كارامىتىڭ باردۇر، بىرلا دۇئا قىل، مۇشۇ ئولتۇرغان تەختىم ئالتۇنغا ئايلانسۇن، بەدىلىگە جېنىڭ ئامان قالسۇن.

زاھىت دەپتۇ:

— ئەي نادان، جان تەڭرىنىڭ ئامانىتى، تەڭرى خالىغان ۋاقتىدا ئالىۋېرىدۇ، ھازىر ياكى كېيىن ئېلىشى مەن ئۈچۈن بەرىبىر، دۇئا قىلسام قىلايكى ئىجابەت بولۇپ قالسا، ئەلنى ئالۋان ـ ياساقتىن ئازاد قىلغىن.

گىگانت شاھ دەپتۇ:

— تەختىم ئالتۇن بولسىلا ھەممە شەرتىڭنى قوبۇل قىلۇرمەن.

زاھىت شۇ ھامان قىبلىگە يۈزلىنىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، كۆز ياشلىرىنى راۋان قىلىپ، تەڭرىگە ساپ نىيەت بىلەن

ئىلتىجا قىپتۇ، دۇئاسى ئاخىرلىشىپ «ئامىن ئاللاھۇئەكبەر» دېيىش بىلەن تەڭ دۇئا ئىجابەت بولۇپ قورام تاش پارقىراپ تۇرغان ساپسېرىق ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ، گىگانت شاھ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ قاپتۇ، ئارقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ ئالتۇن تەختىنى قۇچاقلىۋاپتۇ.

زاھىت دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھ ئەمدى لەۋزىڭدە تۇرۇپ، ئەلنى غەمدىن خالاس قىل.

گىگانت شاھ دەپتۇ:

— بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس، يەنە بىر دۇئا قىل، مەن ئوردا بىلگەن مۇشۇ باياۋاندىكى تاش، چالما، قۇم ـ شېغىللارنىڭ بىرى قالماي گۆھەر ـ ياقۇتلارغا ئايلانسۇن، ئاندىن تەلىپىڭنى بەجانىدىل ئورۇنلىغايمەن.

زاھىت بىچارە ئامالسىز يەنە قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، چىن يۈرىكىدىن تەڭرىگە ئىلتىجا قىپتۇ، دۇئاسى ئاخىرلىشىپ «ئامىن ئاللاھۇئەكبەر» دېيىش بىلەن تەڭ دەشت ـ باياۋان رەڭگارەڭ جۇلالىنىپ تۇرغان گۆھەر ـ ياقۇت، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن قاپلىنىپتۇ، قارىغان كۆزلەر قامىشىپتۇ. گىگانت شاھنىڭ بىر قانچە ياساۋۇل ـ غالچىلىرى يەرگە دۈمچىيىشىپ گۆھەر تاشلاردىن تېرىشكە باشلىغان ئىكەن،

گىگانت شاھ قەھرى ـ غەزىپى ئۆرلەپ ئۇلارنى جايىدىلا تۇرۇپ مىجىپ تاشلاپتۇ. ھېچكىمنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز بۇ گۆھەرلەردىن بىر تال بولسىمۇ ئېلىشقا رۇخسەت قىلماپتۇ، ئەمما ئاچ كۆز گىگانت شاھ بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلماپتۇ. نەپسى ئارام تاپماپتۇ ـ دە، شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ ئەۋلىيا، كارامەتلىك ئەنبىيا، ئادەمزاتنىڭ ئەڭ ياخشىسى، مەرتەم، مەرتەم ئۈچ مەرتەم دېگەن سۆز بار. ئەمدى يەنە بىر قېتىم، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم دۇئا قىلغىن، ئاسماندىكى ئاي چۈشۈپ قولۇمدىكى ئۆزۈككە كۆز بولسۇن، بۇنىڭ بىلەن شۆھرىتىم ئالەمگە پۇر بولسۇن، ئاندىن ھەممە تەلىپىڭ بولسا بەجا كەلتۈرەي.

زاھىت گىگانت شاھقا بۇ نىيىتىدىن يېنىش ھەققىدە كۆپ نەسىھەتلەر قىپتۇ، ئەمما كار قىلماپتۇ، ئاخىرى يەنە نائىلاجلىقتىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، تەڭرىگە ئىلتىجا قىپتۇ، «ئامىن ئاللاھۇئەكبەر» بىلەن تەڭ مەغرىب ئاسمىنىدىن تولۇن ئاي غۇيۇلداپ ئۇچۇپ چۈشۈپ گىگانت شاھنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ يوغان قازاندەك كۆزىگە ئورناپتۇ. بىراق ئالەمنى سوغۇقچىلىق قاپلاپ گىگانت شاھنىڭ تېنى مۇز بولۇپ قېتىپتۇ. ياساۋۇللار ـ غالچىلار ھەم تۇرغان ئورنىدا تۈڭ تېزەكتەك قېتىپ قاپتۇ. جانسىز ھەيكەلدىن پەرقى قالماپتۇ،

زاھىت بولسا تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئامان قاپتۇ.

شۇ چاغدا يەنە تېنى بىر مۇز تاغقا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن نەپسى ئوتى ئۆچمىگەن گىگانت شاھنىڭ تىلى مىڭ مۇشەققەتتە ھەرىكەتكە كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي كارامەتلىك ئەۋلىيا، بىرلا ئارزۇيۇم قالدى، قەسەم قىلىمەنكى ۋۇجۇدقا چىقسا، ئەسلا ئارمانىم قالمىسا، دەرھال مەنمۇ تەلەپ - ئىلتىماسىڭنى بەجا كەلتۈرسەم، بەلكى ئاشۇرۇپ ئورۇندىسام، قايتا شەرت قويمىسام، شۇ چاغدىمۇ ئەگەر دېگەن سۆزۈمدە تۇرمىسام تەڭرى بېشىمغا بالا ياغدۇرسۇن.

— خەير، — دەپتۇ زاھىت چىشىنى چىشلەپ، — بۇ ئاخىرقى بولسۇن، قېنى ئېيتقىن.

گىگانت شاھ شۇنداق دەپتۇ:

— كۆكتىكى نۇرلۇق قۇياش چوشۇپ شاھلىق تاجىمغا زىننەت بولسا، چۈنكى ئالەمدە ئۇنىڭدىن ئېسىلراك گۆھەر كۆرمىدىم، تەڭدىشى يوق شۇ گۆھەر بىلەن شاھلىق تاجىم بېزەلسە، جاھاندىكى ھېچبىر تاج - دۆلەت ئىگىسى ماڭا يېتەلمىسە، بەلكى تىك بېقىپ قارىيالمىسا، سۇر - ھەيۋەت، شانۇ شۆھرەتتە جاھاندا يېگانە بولسام.

زاھىت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ مۇبارەك تىلىدىن يەنە نەسىھەت دۇردانىلىرى تۆكۈپتۇ:

— ئەي پادىشاھ، بەكمۇ ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭ،

تەلىپىنىڭ بەك ئەخمەقلىق، ئاچ كۆزلۈكتىندۇر، بارغا قانائەت قىل، ئەكسى ھەممىدىن قۇرۇق قالارسەن.

نەپسى ئۇتى ئەقلى ـ ھوشىنى كۆيدۈرگەن گىگانت شاھ زاھىتنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي:

ـــ ئەي مەجنۇن زاھىت، شەرتىمنى بەجا كەلتۈرسەڭ مەنمۇ دېگىنىڭگە كۆنىمەن، بولمىسا ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقال، ئۈچ قېتىم خەيرلىك دۇئا قىلغىنىڭ بەدىلى، جېنىڭنى ئامان قالدۇراي.

زاھىت ئامالسىز ئەل بەختىنى كۆزلەپ، كۆزلىرىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ، تەڭرىگە ئىلتىجا قىپتۇ، دۇئاسى يەنە ئىجابەت بولۇپ، «ئامىن ئاللاھۇئەكبەر» دېيىشى بىلەن تەڭ كۆك ئاسماندا ئالەم ـ جاھاننى يورۇتۇپ تۇرغان نۇرلۇق قۇياش تۆۋەنلەپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ، ئەمما قۇياش گىگانت شاھنىڭ ئالتۇن تاجى ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى بىر دۆۋە جەسەت كۆلى ئۈستىگە قونۇپتۇ. چۈنكى قۇياش تۆۋەنلىگەندە ئۇنىڭ ئوتلۇق ھارارىتى ئالىلىبۇرۇن گىگانت شاھنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ بولغان، ھەتتا پادىشاھلىق ئالتۇن تاج ـ ئۆزۈكلەرمۇ، ئالتۇن تەختمۇ ئېرىپ سۇ بولۇپ ئېقىپ كېتىپتۇ، باياۋان يۈزىنى قاپلىغان گۆھەر ـ ياقۇتلارمۇ كۆيۈپ قارا كۆمۈرگە ئايلىنىپ قاپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قۇياش كەينىگە يېنىپ ئۆرلەپ، كۆك ئاسماندا ئۆز ئورنىنى تېپىپتۇ، تولۇن ئاي ھەم مەغرىب

تۈنلىرىنى يورۇتۇش ئۈچۈن كېتىپ قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئاچ كۆزلۈكىدىن گىگانت شاھ نەپسى ئۇتىنىڭ قۇربانى بولۇپتۇ، جىنى جەھەننەمگە ئۇزاپتۇ، خەلق ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن خالاس بوپتۇ، تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن قۇياشنىڭ ئوتلۇق ھارارىتىدىنمۇ ئامان قالغان ئاق كۆڭۈل زاھىت خاتىرجەم تائەتگاھىغا راۋان بوپتۇ.

مەجمۇئە ئىسمى: بالىلارغا سوۋغا ـ 2 (2)
كىتاب ئىسمى: ئاق قۇ مەلىكە
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: ئادىل ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئەخمەت مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3
نەشرى: 2010 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2010 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 − 7 − 5373 − 2011 − 5
ئومۇمىي باھاسى: 84.00 يۈەن
بۇ قىسمىنىڭ يەككە باھاسى: 8.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

# بالىلارغا سوۋغا – 2

Balilargha Sowgha


بىتەلەي توشقان
ئاق قۇ مەلىكە
ئۈچ ئالتۇن قورچاق
خىرۇستال كەش
توز مەلىكە
توققۇز دانە ئالما
ئەخلەت يەيدىغان كۈچۈك
بەخت ئارىلىنى ئىزدەش
يولۋاسقا ئايلانغان بالا
ھاكاۋۇر چۈجە خوراز


单价：8.00 元


ISBN 978-7-5373-2011-5

总定价（十册）：84.00 元